
نۇرمەمەت توختى
چۆل ئوغلى
شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

ISBN7 — 5371 — 1442 — 0/I. 515

كىتاب باھاسى: 1.40 يۈەن (民文)

*ABDULCELİL TURAN*
Yenidoğan Mh. 41 Sk. No.7/4
Zeytinburnu - İSTANBUL
Tel. / Fax: 0212.679 03 70

نۇرمۇھەممەت [illegible]

# چۆل ئوغلى

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: تۇرسۇن مەمەتپەخىردىن
زەينەپ مۇسا

مەسئۇل كوررېكتورى: زۇھەر ئارىپ

# چۆل ئوغلى

*   *

نۇرمۇھەممەت توختى

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى قۇرۇلۇش يولى 9 - قورۇ پ: 830002)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1092 × 787مم، 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى: 4
1993 - يىل 6 - ئاي 1 - نەشرى
1993 - يىل 6 - ئاي 1 - بېسىلىشى
ISBN7 — 5371 — 1442 - 0/I · 515
سانى: 1 — 1,600
باھاسى: 1.40 يۈەن

# چۆل ئوغلى

## (پوۋېست)

### 1

تەكلىماكاننىڭ ئوتتۇرىسىدا، كۇمۇش دۆۋىلىرىدەك چوقچايغان قۇم بارخانلىرىنىڭ ئارىسىدا، غايەت چوڭ زۇمرەت لېگەندەك پايانسىز بىر كۆل يېيىلىپ ياتىدۇ. ئۇنىڭ قىرغاقلىرىنى ئادەم بويى ۋە ئۇنىڭدىنمۇ ئېگىزرەك ئۆسكەن قۇمۇش ۋە يېكەن قاپلىغان. لېكىن كۆلنىڭ يىراق قىرغاقلىرى بىپايان ئۇپۇق بىلەن تۇتىشىپ كەتكەن، ئۇ خۇددى يېشىل ئاسمان بىلەن زۇمرەت كۆل قوشۇلۇپ كەتكەندەك كۆرۈنىدۇ.

قۇياشنىڭ ئالتۇن نۇرلىرى كۆل يۈزىدە جىمىرلايدۇ. شوخ بېلىقلار پىلتىڭلاپ سۇ يۈزىدە يۇمىلاق - يۇمىلاق چەمبەرلەرنى ھاسىل قىلغاندا، ھەر بىر چەمبەردىن مىڭ-

لىغان ئالتۇن ئوقيالار چاچراپ چىققاندەك كۆرۈنىدۇ.

كۆل ئۈستىدە ئۇچۇپ يۈرگەن ياۋا ئۆردەك، ياۋا غاز، تۇرنا، مەشۇ، ئاققۇ ۋە بېلىقچى قۇشلارنىڭ كۆلەڭگىلىرى سۇ يۈزىنى ئاستاغىنا سىيپاپ ئۆتىدۇ. كۆلدىن چۆمۈلۈۋاتقان قۇشلارنىڭ غاقىلدىشى، بېلىقچى قۇش ۋە چايكىلارنىڭ شوخلۇق بىلەن چىرقىراشلىرى ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ، بۇ يەر ھەقىقەتەنمۇ قۇشلارنىڭ جەننىتى.

كۈزدە، دەريادىكى لاي - لاتقىلار تىنىپ، سۇ سۈزۈلگەن چاغلاردا دەريادىن باشلانغان بىر زۇمرەت ئېقىن قوم بارخانلىرىنى كېسىپ ئۆتۈپ، مۇشۇ پايانسىز كۆلگە قۇيۇلىدۇ. ئەتىيازدا پەسىللىك دەريالارنىڭ سۈيى توختاپ، يەرلەر قاغجىرىغان چاغدا مانا مۇشۇ كۆلدىن باشلانغان بىر زۇمرەت ئېقىن يەنە قوم بارخانلىرىنى كېسىپ ئۆتۈپ، تەكلىماكاننىڭ ئىچكىرىسىدىكى يېزىلارغا قاراپ ئاقىدۇ. راستىنى ئېيتقاندا، بۇ كۆل ئەمەس، سۇ ئامبىرى.

بۇنىڭدىن ئوتتۇز يىللار ئىلگىرى بۇ يەردە سۇ ئامبىرىمۇ، ئادەممۇ يوق ئىدى. قوم بارخانلىرى ئارىسىدا پايانسىز كەتكەن قومۇشلۇق سوزۇلۇپ ياتاتتى. كېيىن كىشىلەر كەلدى. قومۇشلۇقنىڭ شىمالىغا توغان - دامبا ياسىدى، سېمونت چۆشۈرگە قۇردى. دەريادىن قومۇشلۇققا، قومۇشلۇقتىن كەنتلەرگە ئۆستەڭلەرنى چاپتى... شۇنداق قىلىپ، مانا شۇ كۆل - سۇ ئامبىرى پەيدا بولدى. قومۇش - يېكەنلەر باراقسان بولۇپ ئۆستى. غاز - ئۆردەك-

لەر ئۈچۈپ كەلدى. كۆلنى، سۇنى، باشقۇرىدىغان ئادەممۇ كەلدى. باشقۇرغۇچى كۆلنىڭ شەرق تەرىپىدىكى قۇم دۆۋىسىنىڭ باغرىغا ئىككى ئېغىز ئۆي سېلىپ ئورۇنلاشتى. ئۇ يېشى خېلى يەرگە بېرىپ قالغان بوۋاي ئىدى. بوۋاي كۆپ ئۆتمەيلا دەم ئېلىشقا چىقتى. ئۇنىڭ ئورنىغا كەلگەن يېڭى باشقۇرغۇچى كۆل بويىدىكى ئىككى ئېغىزلىق ئۆيگە كۆچۈپ كەلگەن كۈنىدىن باشلاپ ئۆزىنى گەركىن ھېس قىلدى. ئۇ ئىدارىدىكى شەكىلسىز ئىسكەنجىگە ئوخشايدىغان تۈزۈملەردىن، بەلگىلىمىلەردىن ۋە بويۇنتۇرۇقلاردىن قۇتۇلغانىدى. ئەمدى ئۇنى ئىدارە باشلىقى ئۇياقتا تۇر، بۇياققا كەل دېيەلمەيتتى. ھازىر ئۇ ئۆزىنىڭ بىر كۈنلۈك تۇرمۇشىدا نېمە قىلىمەن دېسە شۇنى قىلالايتتى. ئۆزى بەگ، ئۆزى خان ئىدى. ئۇنىڭ ئىشلىرىغا ھېچكىم ئارىلاشمايتتى. قاچان ئورنىدىن تۇرۇش، قاچان كالا سېغىش، قاچان ناشتا قىلىش، قاچان خىزمەت قىلىش، قاچان باغ ـ كۆكتاتلىقتا ئىشلەش (باغ بىلەن كۆكتاتلىقنى ئىلگىرىكى باشقۇرغۇچى بىنا قىلغانىدى) ئۇنىڭ ئىختىيارىدا ئىدى. ئۇ ئۆزى تۈزگەن كۈندىلىك مەشغۇلات جەدۋىلىگە قاتتىق ئەمەل قىلاتتى، ھەر كۈنى شەرق تەرەپ بېلىقنىڭ قورسىقىدەك ئاقىرىشتىن ئىلگىرى ئورنىدىن تۇراتتى، ئاستا ـ ئاستا ئاقىرىپ، سۇزۇلۇپ كېلىۋاتقان ئۇپۇققا ئۇزاققىچە تىكىلەتتى. ئاشۇ تۇخۇم سېرىقىدەك ئۇپۇقتىن نېمىنىدۇر كۆرمەكچى بولغاندەك نە-

زەر سالاتتى. ئۇندىن كېيىن، دامبا - تۇغاننى چۆگىلەپ
بىر قۇر تەكشۈرەتتى. كۆلدىكى زۇمرەتتەك سۈزۈك سۇغا
تىكىلىپ، ئۇنىڭ كۆپەيگەن ياكى ئازايغانلىقىنى ئۆلچەپ
خاتىرىلەيتتى. خۇددى ھېلىلا ئۇيۇقتا تىكىلگەندەك زۇم-
رەتتەك سۇغىمۇ ئۇزاقتىن - ئۇزاق تىكىلەتتى. ئۇنىڭ بۇ
تىكىلىشلىرى خۇددى سۇغا قاراپ ئىبادەت قىلىۋاتقاندەك،
ئاشۇ زۇمرەت سۇ بىلەن قەلب داغلىرىنى چايقاپ، ۋىجدا-
نىنى پاكلاشتۇرۇۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. قويلارنى چىقىرىپ
(ئۇنىڭ ئېغىلىدا ئوندەك قويى بار ئىدى) قومۇشلۇققا
ھەيدىۋەتكەندىن كېيىن، سېيىرنى سېغىشقا باشلايتتى،
كورىدا ئاپئاق سۈت بۇژغۇنلايتتى. ئېغىلدىن چىقىرىلغان
كالا مېھرىبانلىق بىلەن مۆرەپ، موزىيىنى ئىزدەپ كېتىپ
قالاتتى... بۇنداق چاغلاردا بىردەم كورىدىكى ئاپئاق
سۈتكە، بىردەم ئالدىرىماي كېتىۋاتقان كالىغا قاراپ قا-
لاتتى. ئاشۇ قاراشلىرى ئارقىلىق ئۆزىنى خۇددى ئاشۇ
كالىغا، قەلبىنى ئاپئاق سۈتكە سېلىشتۇرۇۋاتقاندەك،
قەلبىنىڭ قانداقتۇر بىر يېرىدە ئاللىقانداق بىر داغنىڭ
قارىيىپ تۇرغانلىقىنى سەزگەندەك بولاتتى ۋە بىردىن
بۇرۇلۇپ كۆلدىكى زۇمرەتتەك سۇغا تىكىلىپ قالات-
تى. ئۇ شۇ ھالەتتە سۇدىن نېمىنىدۇر ئىلتىجا قىلىۋات-
قانغا، زۇمرەت سۇنىڭ قەلبىدىكى ئاخىرقى داغلارنى يۇ-
يۇۋېتىشنى ئارزۇ قىلىۋاتقانغا ئوخشايتتى... مانا شۇ
چاغدا ناشتا ۋاقتى بولاتتى. ئۇ ئوغلىنى ئويغىتىش ئۇ-

چۈن ئۆيگە كىرەتتى:

— سالام، ھوي سالام، ئورنىڭدىن تۇر، كۈن ئاش ۋاقتى بولدى.

ئاتا قوللىرىنى يوتقاننىڭ ئىچىگە — ئوغلىنىڭ قوينىغا تىقىپ، ئۇنى بوش غىدىقلايتتى، سوغۇق قولدىن ئەندىككەن سالام كۆزلىرىنى خىرە - شىرە ئېچىپ، بۇدرۇققىنا قوللىرى بىلەن ئاتىسىنىڭ بوينىغا گىرە سالاتتى.

— تۇر قوزام، ناشتا قىلىمىز.

— تاڭ ئاتتىمۇ؟

— تاڭ ئاتقىلى نەۋاق، يېزا بالىلىرى ئاللىقاچان ئېشەك ئۇچۇرۇشقا باشلىدى.

— ئېشەكمۇ ئۇچامدۇ؟

— ئۇچۇرسا ئۇچىدۇ.

— يالغان!...

## 2

قۇياش يىراقتىكى قۇم بارخانلىرىنىڭ كەينىگە ئاستا - ئاستا چۆكۈشكە باشلىدى. سالام ئۆينىڭ ئالدىدا كۆلگە قاراپ تۇراتتى. ئۇ قۇياشنىڭ ئولتۇرۇۋاتقانلىقىنى ئۇنىڭ سۇدىكى شولىسىدىن كۆرۈپ تۇردى. سۇنىڭ چوڭقۇر يېرىدە گۈلخاندەك قىزىل كەچكى شەپەق

جىلۋە قىلاتتى. ئۇپۇق لىباسى قىزىلدىن كۆل رەڭگە، كۆل رەڭدىن قارىغا ئۆزگەردى. سالام قۇياشنىڭ ئاستىن-ىلا كۆلگە چۆككەنلىكىنى كۆرگەندەك، ئاشۇ قىپقىزىل ئوت-لۇق شارنى كۆل سۈيى ئۆچۈرۈپ تاشلىغاندەك ھېس قىلدى.

سالام قۇياشنىڭ پېتىشىنى، كەچكى شەپەقنىڭ ئۆچۈشىنى دائىم ئاشۇ كۆل سۈيى ئارقىلىق تاماشا قىلات-تى. كۆلنىڭ زۇمرەت سۈيى ئىچىدە كۆرۈنگەن ئوتلۇق قۇياش، گۈلخاندەك قىزىل كەچكى شەپەق، ئۇنىڭغا تولى-مۇ گۈزەل كۆرۈنەتتى. ئۇ بۇنداق چاغلاردا تەبىئەتنىڭ سىرلىق گۈزەللىكىدىن راھەتلىنىپ كېتەتتى. لېكىن ئۇنىڭ بۇ تۇيغۇسى ئانچە ئۇزۇن داۋاملاشمايتتى. ئۇپۇق-نىڭ قارا لىباسقا پۈركىنىشى، زۇمرەتتەك يېشىل سۇنىڭ ئاستا - ئاستا غۇۋالىشىپ قارىيىپ كېتىشى ئۇنىڭ قەل-بىدە مۇڭ ئويغىتاتتى. ئۇ ياخشى كۆرگەن نەرسىسىدىن ئاي-رىلىپ قالغاندەك مۇڭلىنىپ قالاتتى.

سۇنىڭ تېگىدە ئاخىرقى قىزىل نۇرلار ئۆچۈپ، سۇنىڭ رەڭگى بىلەن ئۇپۇقنىڭ رەڭگى قوشۇلۇپ كەتكەن-دە، سالام ھېلىلا قۇياشقا دېگەن سۆزلىرىنى يەنە بىر قېتىم تەكرارلىدى:

— خوش، شەپەق، ئەتە كۆرۈشكىچە خوش...

— سالام، ھەي سالام، چۈجىلىرىڭ قايتىپ كەلدىمۇ؟

— ياق، دادا، ئۇلار تېخى كەلمىدى.

سالام كۆزلىرىنى يۆتكەپ يىراققا — كۆلنىڭ قارى-

يېتىپ كۆرۈنگەن يىراق قىرغاقلىرىغا تىكىلدى. ئۇ يەردىن ئاققۇ، ياۋا غاز، ياۋا ئۆردەكلەرنىڭ شادىيانە غاقىلداش-لىرى، كۆل سۈيىگە ئۇرۇلغان قاناتلارنىڭ پاقىلداشلىرى بوش ئاڭلىناتتى. «ئۇلار بەزمىلىرىنى تېخى تۈگەتمەپتۇ، سەل تۇرۇپ قايتىپ كېلەر، ئۇلار قايتىپ كېلىدۇ، قايتىپ...»

مۇڭلۇق كۆي كۆل يۈزىنى سىيپاپ ئۆتتى. ئاتا ھەر كۈندىكىدەك ئىسكىرىپكىنى چېلىشقا باشلىغانىدى. ھەر كۈنى قۇياش ئولتۇرۇپ نۇرلار ئۆچكەن، ئۆي ئىچى گىرىم-سەن قاراڭغۇلۇققا تولغان چاغدا ئاتا ئىسكىرىپكىسىنى كۆتۈرۈپ ئۆيدىن چىقاتتى ۋە ئىشىك ئالدىدىكى سۇپىدا ئولتۇرۇپ چېلىشقا باشلايتتى.

سالام كۆلنىڭ قارىيىۋاتقان قىرغاقلىرىغا كۆز يۈ-گۈرتۈپ ئىسكىرىپكا ئاۋازىغا قۇلاق سالدى. مۇڭلۇق كۆي تەبىئەتنى، ئۇپۇقنى، كۆلنى، كۆل ئەتراپىدىكى قۇمۇش ۋە يېكەنلەرنى، تېخىمۇ يىراقتىكى قۇم دۆۋىلىرىنى، توغ-راقلىق - يۇلغۇنلۇقلارنى ئەللەيلەۋاتقاندەك ئاڭلىناتتى، «ئۇخلىسۇن، ئۇپۇقمۇ، كۆلمۇ، قۇمۇش، يېكەنلەر ... مۇ ئۇخلىسۇن، كۆزلىرىنى يۇمۇپ بوۋاقتەك پۇشۇلداپ ئۇخ-لىسۇن، بىر كۈن - تۈن ئىككى سائەت ئۇلارنى ھاردۇر-دى، كۆزلىرىنى تالدۇردى. ئەمدى ھاردۇق ئالسۇن، سەپەردىن كەلگەن كارۋاندەك راھەتلىنىپ ئۇخلىسۇن، ئۇخلا، تاتلىقىم، ئۇخلا، گۈزىلىم...» ئىسكىرىپكا ئەنە

شۇنداق خىتاب قىلاتتى.

كۈي ئالماشتى، ئالماشقىنى يەنىلا مۇڭلۇق، يۈرەكلەرنى ئېزىدىغان، ھەسرەتلىك كۈي ئىدى. سالامغا كامالچىنىڭ قىللىرىدىن تۆكۈلۈۋاتقىنى يىغىدەك، كىمدۇ بىرىنىڭ خىلۋەتتىكى دوڭغاق توغراققا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ، ئىچ-ئىچىدىن تۆكۈۋاتقان ھەسرىتىدەك تۇيۇلدى. ئىسكىرىپكىنىڭ ئاۋازى راستتىنلا ئانىسى ۋاقىتسىز ئۆلۈپ كەتكەن يېتىمنىڭ قايغۇلۇق پەريادىغا، ئىسسىق قۇچاقلاردىن، تاتلىق، شېرىن ئەركىلىتىشلەردىن مەڭگۈ ئايرىلىپ قالغىنىغا ئىشەنگەن گۆدەكنىڭ ھەسرەتلىك نىداسىغا ئوخشايتتى.

ئاسمان قارايدى، كۆل يۈزى قارايدى. تەبىئەت ئۇيقۇ ئالدىدا مۇڭلۇق خىياللارغا پاتقاندەك ئېغىر پۈشۈلدايتتى. كۆل ئاسمىنىدىن ئىسقىرتقاندەك ۋىشىلدىغان ئاۋاز ئاڭلاندى. «چۈجىلىرىم، مېنىڭ چۈجىلىرىم كەلدى...» سالامنىڭ قەلبىدىن ئاشۇ پىكىر كېزىپ ئۆتتى. بىر جۈپ ئۇزۇن بويۇن ئاققۇ سالامنىڭ ئالدىغىلا كېلىپ قوندى. سالامنىڭ يۈزلىرىگە يەردىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ-توزانلىق ھاۋا دولقۇنى كېلىپ ئۇرۇلدى. ئاققۇلار كۆكرەكلىرىنى كېرىپ، قاناتلىرىنى تىك ئېچىپ، ئۇزۇن پۇتلىرىنى يەرگە تەگكۈزگەندە، ئۇلار سالام بىلەن تەڭلىشەي تەڭلىشەيدەپ قالدى... مانا شۇ بىرجۈپ ئاققۇ سالامنىڭ چۈجىلىرى ئىدى.

ئۆتكەن يىلى ئەتىيازدا سالام شەرقىي قىرغاقتىكى مىسسىلىقتا ياۋا ئۆردەك تۇخۇملىرىنى يىغىپ يۈرۈپ بىر جۈپ ئاق قۇ چۈجىسىنى ئۇچرىتىپ قالدى. چۈجىلەرنىڭ سېرىق تۈكلىرى تېخى نەم بولۇپ، تۇخۇمدىن ھېلىلا چىققاندەك كۆرۈنەتتى. يېنىدا يوغان ئانا ئاق قۇ غاقىلداپ ئولتۇراتتى. سالامنىڭ قەلبىدە تۇيۇقسىز ئاجايىپ بىر قىزىقىش ئويغاندى. ئاق قۇ چۈجىلىرىنى ئەكېتىپ باقماقچى بولدى، ئۇ چۈجىلەرگە يېقىنلاپ بارغاندا، ئانا ئاق قۇ ئۇزۇن بويۇنلىرىنى يەر بېغىرلىتىپ سوزۇپ، قاناتلىرىنى يېيىپ، قەھرى بىلەن غاقىلداپ ھۇجۇم قىلىپ كەلدى. سالام ئارقىسىغا داجىدى، نېمىسگىدۇ پۇتلىشىپ يىقىلدى. ئاق قۇ ئۇنىڭ ئىشتىنىنىڭ پۇشقاقلىرىنى چىشلەپ يىرتىۋەتتى... لېكىن سالاممۇ بوش كەلمىدى، ئۇنىڭ قەلبىدە كۈچلۈك قارشىلىشىش تۇيغۇسى باش كۆتۈرگەنىدى، ئورنىدىن تۇرۇپ قىزىل يۇلغۇننىڭ چىۋىقلىرىدىن بىر تۇتام سۇندۇرۇۋالدى، ئاندىن ئۇلارنى بىر باغلام قىلىپ مەھكەم تۇتتى ـ دە، ئاق قۇغا يېقىنلىشىپ باردى. ئانا ئاق قۇ يەنە ھۇجۇم قىلىپ كەلدى. سالام چىۋىق بىلەن ۋاسىلدىتىپ ئۇردى. چىۋىق ئانا ئاق قۇغا تەگدىمۇ ـ تەگمىدىمۇ سالام بۇنى بىلەلمىدى. لېكىن ئەمدى ئاق قۇ قورقۇپ چېكىنگەنىدى. ئۇ قاناتلىرىنى كېرىپ يەردىن كۆتۈرۈلدى ـ دە، ئون مېتىردەك يىراققا بېرىپ قوندى. سالام ئاق قۇ چۈجىلىرىگە يېقىن كەلدى.

ئۇلار ۋىشىلدىشاتتى. ئۇلارنى ئەمدى تۇتاي دېگەندە ئانا ئاققۇ يەنە ھۇجۇم قىلىپ كەلدى. سالام چىۋىقلارنى ۋىژىلدىتىپ چۆرۈپ، ئۇنى يەنە قوغلىۋەتتى. ھايال ئۆتمەي ئاققۇ ئىككى بولدى. جەڭ خېلى ئۇزۇنغا سوزۇلدى. شۇنداق بولسىمۇ سالام ئاخىرى ئىككى چۈجىنى شەپكىسىگە سېلىپ ئۆيىگە ئەكېلىۋالدى، ئاققۇلار بىردەم ئۇچۇپ، بىردەم غاقىلداپ يۈگۈرۈپ ئۆيىگىچە ئەگىشىپ كېلىشتى. لېكىن ئەمدى ئۇلار چۈجىلىرىدىن رەسمىي ئايرىلىپ، يېرىم كۈندەك ئۆي ئەتراپىدا غاقىلداپ چۆگىلەپ يۈرۈشتى - دە، كېيىن كېتىپ قالدى.

ئەنە شۇندىن كېيىن، سالام ئاققۇ چۈجىلىرىنىڭ ئانىسىغا ئايلاندى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئانىغا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى بىلمەيتتى. ئانا ھەققىدە چۈشەنچىسىمۇ، ھېسسىياتىمۇ يوق ئىدى. ئانا دېگەننىڭ نېمىلەرنى قىلىدىغانلىقىنىمۇ ئۆز بالىلىرىنى قانداق باقىدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيتتى. شۇنداقتىمۇ ئاققۇ چۈجىلىرىگە قولىدىن كېلىدىغان ياردەملەرنىڭ ھەممىسىنى قىلدى. ئەلۋەتتە بۇ ئىشلاردا ئاتا مەسلىھەتچى بولدى. نان پارچىلىرىنى يۇمشاق ئىۋىتىپ يېگۈزۈشتى، شېكەرنى ئېرىتىپ ئىچكۈزۈشتى، داستىكى سۇغا چۆمۈلدۈرۈشتى ... چۈجىلەر سالامنىڭ ئارقىسىدىن خۇددى ئانىسىغا ئەگەشكەندەك ئەگىشىپ، ۋىشىلدىشىپ يۈگۈرۈپ يۈرەتتى. يازنىڭ ئىسسىق كۈنلىرىنىڭ باشلىنىشى بىلەنلا سالام ئۇلارنى كۆلگە ئەگەشتۈرۈپ كىردى. سالام ئال-

دىدا سۈنى شالاقشىتماستىن تىنچىقىنا ئۈزەتتى. كەينى-
دىن چۆجىلەر ئەگىشەتتى. ئەلۋەتتە چۆجىلەرنىڭ شوخ-
لۇقلىرىمۇ بار ئىدى. سۇغا شۇڭغۇيتتى، قاناتلىرىنى
پالاقشىتىپ سۇ يۈزىدە چېپىشاتتى. سۇ ئىچىدىن نېمە-
لەرنىدۇر تېپىپ يەيتتى، لېكىن سالامنىڭ ئەتراپىدىن
يىراق كەتمەيتتى، بەزىدە يىراق كېتىپمۇ قالاتتى. بۇن-
داق چاغلاردا ئۇلار نېمىدىندۇر ئۈركۈگەندەك، ئاللى-
قانداق ئاۋازلارنى ئاڭلىماقچى بولغاندەك ئۇزۇن بويۇن-
لىرىنى سوزۇشۇپ يىراقلارغا نەزەر سېلىشاتتى. ئارقى-
دىنلا غاقىلدىشىپ سالامنىڭ يېنىغا قايتىپ كېلەتتى.
سالام سۇدىن چىقسا ئۇلارمۇ بىللە چىقاتتى. بەدەنلىرى-
دىن سۇ ساقىپ تۇرغان سالام ئالدىدا يۈگۈرەتتى.
ئاقۇ چۆجىلىرى بولسا قاناتلىرىنى يېيىپ، خۇددى ئۇچ-
ماقچى بولغاندەك، لېكىن ئۇچالمايۋاتقاندەك سالامنىڭ
ئارقىسىدىن چېپىشاتتى. ئۆيگە كەلگەندە سالام يەنە
نان ئۇۋاقلىرىنى، يېزا بازىرىدىن ئەكەلدۈرگەن قوناق،
بۇغدايلارنى يېگۈزەتتى. ئەمدى ئۇ دانلارنى قاچىغا سې-
لىپ بەرمەي ئالىقانلىرىدا تۇتۇپ يېگۈزىدىغان بولغان-
دى. ئىككى چۆجە سېرىق رېزىنكىگە ئوخشايدىغان
تۇمشۇقلىرىنى سالامنىڭ ئالىقانلىرىغا پاتۇرۇشالماي تالى-
شاتتى. داننى يەرگە چۈشۈرۈۋېتەتتى ۋە توپا - تۇمان
بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ يەۋېرەتتى. ئارقىدىنلا سالام كۇرۇش-
كىدىكى شېكەر سۈيىنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا قوياتتى.

چۈجىلەر شىكەر سۈيىگە شۈنچىلىك ئامراق بولۇپ كېتىشكەنىدىكى، كۈرۈشكىنى كۆرگەن ھامان شوخلۇق بىلەن غاقىلداشقا باشلايتتى. تاماقتىن كېيىن سالام چۈجىلەرنى ئەگەشتۈرۈپ يەنە كۆلگە چۈشەتتى. كېيىنچە ئۇ قېيىقنى ھەيدەپ كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرۇپ كىتاب ئوقۇيدىغان، چۈجىلەر بولسا قېيىقنىڭ ئەتراپىدا ئۈزۈپ ئوينايدىغان بولدى.

7 ـ ئاينىڭ بېشىدا چۈجىلەر ئۇچۇشقا تەييارلاندى. ئۇلار يەردە تۇرۇپ، قاناتلىرىنى يېيىپ توختىماي لەپەڭلىتەتتى. ئاشۇ ھالەتتە ئۇلار خۇددى قاناتلىرى بىلەن شامال چىقىرىپ ئويناۋاتقانغا ئوخشايتتى. قاناتلىرىنى كۆچەپ لەپەڭلەتكەن چاغلىرىدا يەردىن ئىككى غېرىچ ۋە ئۇنىڭدىنمۇ ئېگىزرەك كۆتۈرۈلۈپ يەنە يەرگە چۈشەتتى. كېيىنرەك ئۇلار ئون ـ ئونبەش مېتىر ئارىلىققا ئۇچالايدىغان، ئۆينىڭ ئالدىدىن كۆتۈرۈلۈپ قېيىقنىڭ يېنىغا ـــ سۇغا قونىدىغان بولدى. سالام چۈجىلىرىنىڭ ئۇچقانلىقىدىن خۇشال ئىدى. لېكىن قەلبىدە يوشۇرۇن بىر ئەنسىزلىكمۇ يېتىلىپ كېلەتتى. «ئۇلار ئۇچۇپ كەتسە، ئۇچۇپ كەتكەنچە قايتىپ كەلمىسە قانداق قىلارمەن؟ ئۇچۇپ كەتكەنچە كەلمەيمۇ قالارمۇ؟...»

ـــ بالام، چۈجىلىرىڭ ئۇچۇپ كېتىپ قالمىسۇن، ئۇلارنىڭ قاناتلىرىنى بوغۇپ قوي، پەيلىرىنى كەڭ يايالمىسا ئۇچالمايدۇ، يىراققىمۇ كېتەلمەيدۇ...



— قاناتلىرى ئاغرىپ كەتمەسمۇ؟

— ياق، ئاغرىمايدۇ، پەيلىرىنى قىرقىۋەتسەڭمۇ ئاغرىمايدۇ. لېكىن قىرقىما، سەتلىشىپ قالىدۇ، پەقەت بوغۇپ قويساڭلا ھېچنەگە كېتەلمەيدۇ.

سالام ئاتىسىنىڭ مەسلىھىتىگە ھېچقانداق ئىنىكاس قايتۇرمىدى. ئۇ بوغۇپ قويغان قاناتلارنىڭ ئاغرىمايدىغانلىقىغا ئىشەنمىدى. شۇنداقلا ئۇ ئاققۇ چۈجىلىرىنىڭ ئۇچۇپ كېتىشىگە، ئۆزىنى مەڭگۈ تاشلاپ كېتىشىگىمۇ ئىشەنمەيتتى. ئۇچۇپ كېتىدىغان بولسا ھازىرلا كەتمەيتتىمۇ؟ ئۇچۇپ كۆلگە بارىدۇ، كۆلدىن ئۇچۇپ ئۆيگە — مېنىڭ يېنىمغا كېلىدۇ، ياق، ئۇلار كەتمەيدۇ، ئۇلار مېنى تاشلاپ كەتمەيدۇ ... سالامنىڭ قەلبى، يۈرىكى بۇنىڭغا ئىشىنەتتى. لېكىن ئۇنىڭدا ئەنسىرەشمۇ يوق ئەمەس ئىدى. ئەگەر چۈجىلەر راستىنلا ئۇچۇپ كېتىپ قالسا ...

ئەندىشە رېئاللىققا ئايلانغان كۈنمۇ كەلدى. بىر كۈنى ئەتىگەندە سالام چۈجىلەرنى كاتىكىدىن چىقاردى. چۈجىلەر (ئەمدى ئۇلار چوڭ ئاققۇغا ئايلانغان، لېكىن سالام تېخىچە ئۇلارنى مېنىڭ چۈجىلىرىم دەپ يۈرەتتى) قاناتلىرىنى شوخلۇق بىلەن لەپىلدەتتى، غاقىلداپ قىقاس سېلىشتى ۋە بىردىن كۆتۈرۈلۈپ ئېگىزلەپ كەتتى. ئۇلار كۆلگە چۈشىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. سالامنىڭ كۆزلىرى كۆلگە تىكىلىپ ئاققۇلارنىڭ ئارقىسىدىن

ئەگەشتى. چۈجىلەر قاتارلىشىپ كۆلنىڭ ئەتراپىنى ئىككى قېتىم ئايلىنىپ چىقتى. سالاممۇ ئۆز ئورنىدا ئىككى قېتىم چۆگىلىدى. چۈجىلەر بارغانسېرى ئېگىز- لەپ كەتتى، ئۇلار كۆك ئاسماندا غۇۋا كۆرۈنەتتى. ئاققۇ بارغانسېرى كىچىكلەپ ئىككى ئاق چېكىتكە ئايلاندى. سالامنىڭ كۆزلىرىدىكى ئاق چېكىتلەر بارا - بارا كۆك ئاسمانغا سىڭىپ كەتتى، ئۇنىڭ ئورنىدا پەقەت ئەن- دىشە، ھەسرەتنىڭ كۆلەڭگىلىرىلا قالدى.

ئاققۇلار چۈشتە قايتىپ كەلمىدى، كەچتىمۇ قاي- تىپ كەلمىدى. سالام چۈشتە خۇشياقمىغان ھالدا ئاز- راقلا تاماق يېگەنىدى، كەچتە گېلىدىن ھېچنىمە ئۆتمىدى. ئۇ نېمىگىدۇر تىت - تىت بولاتتى. شۇ كۈنى كەچتە ئاتىسى چالغان ئىسكىرىپكا تېخىمۇ مۇڭلۇق ئاڭ- لاندى. كۆل سۈيى مۇڭلىنىپ ھەسرەت چېكىۋاتقاندەك، ئاستا - ئاستا قارىيىۋاتقان ئۇپۇق خۇرسىنىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. سالام نېمىگىدۇر قۇلاق سالاتتى. كۆلگە، يۇل- تۇزلۇق ئاسمانغا تىكىلىپ قارايتتى. ئاشۇ بىر - بىرلەپ چاراقلاپ چىقىۋاتقان يۇلتۇزلار ئارىسىدىن ئاق چېكىت- لەرنىڭ كۆرۈنۈشىنى، چۈجىلىرىنىڭ قايتىپ كېلىشىنى ئارزۇ قىلاتتى. ئۇ شۇ تاپتا ئۇزۇن ۋاقىتلاردىن بېرى نېمىنىدۇر ئارزۇ قىلىپ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلدى. لېكىن، ئۆز ئارزۇسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدى. ئۇ توخ- تىماي ئۇلۇغ كىچىك تىناتتى. قەلبىدىن بىر نەرسە

ئېقىپ چىقىپ كەتكەندەك، كىمدۇر بىرى قەلبىدىكى ئەڭ
زۆرۈر نەرسىلىرىنى بۇلاپ ئەكەتكەندەك بىئارام بو-
لاتتى. راست، ئۇنىڭ ئاققۇلىرى ئۇچۇپ كەتتى، ئۇنى
تاشلاپ كەتتى. ئۇنىڭ ئارزۇسى ئاشۇ ئاققۇلارمىدىكىنە؟
ياق، ئاققۇ دېگەن كۆلدە كۆپ، ئۇلار مىسلىلىسىقا تۇخۇم
تۇغۇپ چۈجە چىقىرىدۇ. باقىمەن دېسە يەنە ئاققۇ چۈ-
جىلىرىنى تاپالايدۇ، كېلەر ئەتىيازدىلا تاپالايدۇ.
ياق، بۇ ئەمەس، ئۇ ئاشۇ چۈجىلەرنى باققاندا
نېمىنى ئارزۇ قىلىشىۋېدىكىنە؟چۈجىلەردىن نېمىنى كۈتۈۋېدى-
كىنە؟... سالام ئويلايتتى. قەلبىدىن يوقالغان ئاشۇ نەر-
سىنى ئىزدەيتتى. لېكىن يوقالغان نەرسىنىڭ نېمە ئىكەن-
لىكىنى، ئۆزىنىڭ نېمىگە تەشنا ئىكەنلىكىنى، نېمىنى
ئارزۇلاۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى. پەقەت ئاشۇ ئاققۇلارنىڭ
ئۇچۇپ كېتىشى بىلەن قەلبىدىمۇ نېمىنىڭدۇ يوقالغانلىقى-
نى، قەلبىدىكى نامەلۇم بىر بۇرجەكنىڭ بوشاپ قالغان-
لىقىنى ھېس قىلاتتى. ئاققۇلار قايتىپ كەلسە ئاشۇ
بوش قالغان ئورۇنىنىڭ قايتا تولىدىغانلىقىنى قەلبىدە
سېزەتتى.

شۇ كېچە سالام تۈزۈككىنە ئۇخلىمىدى، خىيال
بىلەن چۈشىنىڭ ئارىلىقىدا لەيلەپ چىقتى. ئۇنى ھەر
كۈنى ئەتىگەندە ئاتىسى ئويغىتاتتى. لېكىن ئۇ بۈگۈن
ئۆزلۈكىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئالدى بىلەن ئاققۇلارنىڭ
كاتىكىنى يوقلىدى، ئۇلار قايتىپ كەلمىگەنىدى. سالام

ناشتىمۇ قىلماستىن كۆلنىڭ قىرغىقىنى بويلاپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇ قومۇشلۇق ۋە مىسىللىقلارنى ئارىلاپ چۈجىلىرىنى ئىزدەيتتى. كۆلدە ئۈزۈپ يۈرگەن ئاققۇلارغا، ياۋا غاز، ئۆردەكلەرگە قاراپ «غاق، غاق» دەپ توۋلاپ قوياتتى. ئۇ چۈجىلىرىم ئاۋازىمنى ئاڭلىسا يېنىمغا كېلىدۇ دەپ ئويلايتتى. ئۇ كۆلنى بىر چۆگىلەپ قايتىپ كەلدى، خۇددى ئەقلىدىن ئېزىپ قالغان ئادەمدەك بىردەم ئاسمانغا، بىردەم كۆلگە قاراپ ئۆز ئۆزىگە نېمىلەرنىدۇر پىچىرلايتتى.

ئاتا ئوغلىنىڭ قەلبىدىكى ھەسرەتنى چۈشىنەتتى. ئۇ سالامنى دەرس تەكرارلاشقىمۇ، ئىسكىرىپكا مەشىق قىلىشقىمۇ زورلىمىدى. پەقەت تاماق يېيىشكىلا زورلاپ قويدى.

— تامىقىڭنى يەۋال، مەن ساڭا دېگەنىغۇ، ئەمدى پۈشايمان قىلغانىنىڭ پايدىسى يوق. مەن مۇشۇنداق بولۇشىنى بىلەتتىم. بىلىسەنغۇ، ئۇلارنىڭ خاسىيەتلىك قانىتلىرى بار. ئۇچۇپ كەتمەيدۇ دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟ ئۇچۇپ كەتسىلا مۇشۇنداق دەردكە قالىدىغان گەپ. سېنىڭ ئاققۇلىرىڭنىڭ جەننىتى ئاسماندا. ئۇلار كەڭ ئاسماندا ئەركىن پەرۋاز قىلىدۇ، كۆللەردە، دەريالاردا راھەتلىنىپ ئۈزىدۇ. سەن ئۇلارنى كاتەككە سولاپ قويساڭ ئۇلار زېرىكمەمدۇ؟ ئەمدى ھەسرەتلىنىۋەرمە. ئۇلار بەختىنى، ئەركىنلىكىنى تاپتى، ئۇلار ئۇچۇن خۇشاللان. ئەسلىدىلا

ئۇلارنى تۇتقۇنغا ئايلاندۇرماسلىقنىڭ كېرەك ئىدى. ئەمـ
دى بولسىمۇ كېچىكمىدى... بولدى قوي، بالام، تامىقىڭنى
يەۋال. ئۇلار سېنى ئۇنتۇمايدۇ. يىراقتا قالغان ئانىسىنى
ئەسكە ئالغاندەك ئەسلەپ تۇردۇ.

ئاتا سۆزىدىن توختاپ قالدى. ئۇ يەنە نېمىلەرنى
دۇر دېمەكچىدى، لېكىن ئاغزىدىن چىقىپ كەتكەن
«ئانا» سۆزى ئۇنى توختىتىپ قويدى. ئۇ سالامنىڭ ئالدىدا
«ئانا» دېگەن سۆزنى تىلغا ئېلىشتىن، ئۇنىڭ قەلبىدە
يەنىمۇ كۈچلۈكرەك ھەسرەت ئويغىتىپ قويۇشتىن قورقاتـ
تى. گەپ ئارىسىدا «ئانا» سۆزىنى تىلغا ئالغانلىقىدىن
پۇشايمان قىلدى. شۇڭا سۆزىدىن توختاپ قالدى.

— ئال بالام، تامىقىڭنى يەۋال!

سالام ئىندىمىدى، تاماقنىمۇ يېمىدى. خۇددى ئاقـ
قۇلار بىلەن بىرگە تىل - زۇۋانىمۇ، سەزگۈ - تۇيغۇلىرىمۇ
ئۇچۇپ كەتكەندەك خامۇش ئولتۇراتتى. ئاتا ئۇنى ئىختىـ
يارىغا قويدى. سالام نامازدىگەرگىچە كۆلگە، ئاسمانغا
قاراپ ئاشۇنداق ئولتۇردى. نامازدىگەردىن كېيىن بىردىن
ئىسكىرىپكا چېلىشقا باشلىدى. دامبىنىڭ كەينىدىكى
كۆكتاتلىقتا ئىشلەۋاتقان ئاتا ھەيران قالدى. ئىسكىرىپـ
كىنىڭ ئاۋازى شۇنچىلىك مۇڭلۇق ئىدىكى، ئاتا ئۆزى
ئۆگەتكەن پەدىلەرنى سالامنىڭ قاچاندىن بېرى مۇنداق
كېلىشتۈرۈپ چالىدىغان بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئېسىگە
ئالالمىدى. ئۇ كۈلۈپ قويدى: «دەرد - ئەلەملەر ئادەمنى
سازەندە قىلىپ يېتىشتۈرىدۇ...»

قۇياشنىڭ ۋە كەچكى شەپەقنىڭ شولىسى كۆل
ئىچىگە چۆكۈۋاتقان مەھەلدە ئىسكىرىپكىنىڭ ئاۋازىغا
قۇلاق سالغاچ كەچلىك تاماق تەييارلاۋاتقان ئاتا بىر-
دىن ئوغلىنىڭ خۇشال ۋارقىرىغانلىقىنى ئاڭلىدى:

— چۈجىلىرىم، چۈجىلىرىم قايتىپ كەلدى!

ئاتا ئۆيدىن چىققاندا، سالام ئاق قۇلارنىڭ ئاپئاق
بويىنىدىن قۇچاقلاپ تۇراتتى. ئاق قۇلار بولسا خۇددى
كەچۈرۈم سوراۋاتقاندەك ئىللىپسىسمان كۆزلىرىنى خۇمار-
لاشتۇرۇپ غاقىلداۋاتتى. سالامنىڭ كۆزلىرىدىن ئىسسىق
ياش دۇملاپ چۈشتى. ئاتىنىڭ كۆزلىرىمۇ نەملەشتى.

شۇندىن كېيىن ئاق قۇلار ئۇچۇپ كەتمىدى. قەھر-
تان قىش كەلگەندىمۇ ئۇچۇپ كەتمىدى. ياق ئۇچۇپ
كېتىشنىغۇ كەتتى، لېكىن ئەتىگەندە ئۇچۇپ كېتىپ كەچتە
قايتىپ كەلدى. ئەنە شۇندىن كېيىن بۇ بىر جۈپ ئاق قۇ
سالامنىڭ ئايرىلماس ھەمراھىغا، زۇمرەت كۆلنىڭ بويىدا
تۇرغان يىگانە ئائىلىنىڭ قانۇنىي ئەزاسىغا ئايلاندى...

مانا، ئاق قۇلار سالامنىڭ ئالدىدا تۇرۇپتۇ. سالام
ئاق قۇلارنىڭ ئاپئاق پەيلىرىنى سىلاپ قويدى. پەيلەر نەم ۋە
سىيلىق ئىدى. ئۇلار سالامدىن نېمىنىدۇر تەمە قىلىشىپ
غاقىلدىشاتتى. سالام ئۇلارغا يېمەكلىك بەردى، شېكەر
سۈيى بار كۇرۇشكىنى ئالدىغا قويدى...

ئاتا چېلىۋاتقان مۇڭلۇق كۈي تېخىچە كۆل ئۈس-
تىدە ياڭراپ تۇراتتى. كۆل ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. ئوپۇقتا

سانا قسىز يۇلتۇزلار چاراقلايتتى. سالام مۇڭلۇق كۆزلىرى بىلەن شەرقىي قىرغاقتىكى قومۇشلۇققا نەزەر سېلىپ تۇراتتى. ئۇ قومۇشلارنىڭ ئارىسىدىن شىلدىرلىغان ئاۋاز چىقىشىنى كۈتەتتى. قومۇشنىڭ شىلدىرلاشلىرىمۇ، خۇددى زۇكامدىغان ئادەمنىڭ چۈشكۈرگىنىدەك ئاڭلىنىدىغان پۇشـقۇرغان ئاۋازمۇ ئاڭلانمىدى. سالامنىڭ كۆڭلى بارغانسېـرى يېرىم بولۇپ، تېخىمۇ مۇڭلىنىپ كەتتى.

— ئانام كەلمىدى، مېنىڭ ئانام كەلمىدى...

— نېمە دېدىڭ گەپ قىلدىڭمۇ، بالام؟ — ئىسكـرىپكا چېلىۋاتقان ئاتا سالامغا مۇراجىئەت قىلدى، ئىسكـرىپكا ئاۋازى يەنىلا ياڭراپ تۇراتتى.

— ئانام كەلمىدى دەۋاتىمەن. ئاھۇ ئانام بۈگۈنمۇ كەلمىدى.

— ئانام؟ — ئاتىنىڭ ئاۋازى ئۆزگىمۇ ئاڭلانـمىغاندەك، شۇ ھامان ئۇخلاۋاتقان تـۇن قـوينىغا سىڭىپ كەتكەندەك تۇيۇلدى، ئۇنىڭ كامالچە تۇتقان، پەدە بېسـىۋاتقان قوللىرى توختاپ قالدى. ئىسكىرىپكىنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازى ئۆچتى. سالام ئـۇنىڭ ئـاۋازىنى ئـاڭلىمىغاندەك سۈكۈتكە چۆمۈپ تۇراتتى.

— يۈر، ئۇخلايلى بالام، ئاللىقاچان ئـۇخلايدىغان چاغ بولدى.

ئاتىنىڭ كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمىدى. سالامنىڭ ئۇخـلىغان - ئـۇخلىمىغانلىقىنى بىلگىلى بـولمايتتى، ئۇنىڭ

بىر خىل رىتىمدا پۇشۇلداپ نەپەس ئېلىشى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

«ئانام؟ كىيىك ئانام؟ۋاي ئىسىت، ۋاي ئىسىت، ئۇئانا مېھرىگە تەشنا ئىكەن. ئانا باغرىغا موھتاجكەن، ئاپئاق قوزام، سېنىڭ ئۇۋۋالىڭ مېنىڭ بوينۇمدا، ساڭا ئۇۋۋال قىلغان مەن. سېنى ئانا مېھرىدىن، ئانىنىڭ ئىسسىق قۇچاقلىرىدىن ئايرىۋەتكەن مەن. كەچۈر، ئاپئاق قوزام، ئەقىلسىز داداڭنى كەچۈر...» ئاتىنىڭ كۆز چاناقلىرى ياشقا تولدى. ئۇ بەش يىل بۇرۇنقى بىر ئىشنى ئېسىگە ئالدى. شۇ چاغدا ئاتا ـ بالا قېيىقتا ئولتۇرۇپ كۆلدىن بېلىق تۇتۇۋاتاتتى. سالام ئاتىسىدىن سورىدى:

— دادا، بېلىقنىڭمۇ ئانىسى بارمۇ؟

— بار، بالام، بېلىقنىڭمۇ، غاز ـ ئۆردەكلەرنىڭمۇ ئانىسى بار.

—مېنىڭ ئانام بارمۇ؟

— نېمىشقا بولمىسۇن؟ بار، ئەجەب بۇنى سوراپ قالدىڭغۇ؟

— ئۇ قەيەردە؟

— يىراقتا، بۇ يەردىن بەكمۇ يىراقتا.

شۇ چاغدىلا سالام شۈكلەپ كەتكەن، ئاتىنىڭ قەلبى نېمىدۇر ھېس قىلغان ۋە ئارامسىزلانغانىدى. سالام شۇندىن كېيىن بىرەر يىلغىچە ئانىسىنى تىلغا ئالمىدى. يەنە بىر كۈنى ئۇ ئاتىسىدىن: «دادا، ھەممە

ئانا بالىسىنى سۈت بېرىپ باقامدۇ ؟»دەپ سورىغان،
ئۇ سالامنىڭ سوئالىغا نېمە دەپ جاۋاب بەرگەنلىكىنى
ئېسىگە ئالالمىدى. بەلكىم «شۇنداق، ھەممە ئانىلار بالى-
سىنى سۈت بېرىپ، ئېمىتىپ باقىدۇ، سۈت دېگەن بەكمۇ
ئۇلۇغ. كىم سۈت بەرسە شۇ ئانا بولىدۇ...» دەپ جاۋاب
بەرگەن بولسا كېرەك. ئۇنداق دېمىگەن بولسا سالام ئاھۇ-
نى ئانام دەپ ئويلاپ قالامتى؟ ۋاي ئىسىت، ئاپئاق قو-
زام، مەن ساڭا ئۇۋال قىلدىم. مەن ساڭا ئۆز ئاناڭنى
تېپىپ بېرىمەن. بۇ يىل ئۆتسۇن، كېلەر يىلى سېنى
ئاناڭنىڭ قېشىغا ئېلىپ بارىمەن. سەن ئۇنى قۇچاقلاي-
سەن، ئۇنىڭ ئىسسىق قۇچاقلىرىدا يايرايسەن.
ئاتا ئويقۇغا كەتكەنىدى.

## 3

سالامنىڭ دۇنياغا كۆز ئېچىپ تۇنجى قېتىم كۆر-
گەن نەرسىسى ئاشۇ كۆلدەك، كۆلدىكى زۇمرەت سۇدەك
ۋە ئۆيىنىڭ ئارقىسىدىكى قۇم دۆۋىسىدەك بىلىندى. راستىنى-
مۇ شۇنداق ئىدى. ئۇنىڭ قەلب ئەسلىمىلىرىنىڭ ئەڭ
بېشىدا ئاشۇلار تۇراتتى، بۇنىڭدىن باشقا ھېچنېمىنى
ئەسلىيەلمەيتتى. ئاشۇ كۆل ۋە ئېگىز قۇم بارخىنى ئۇنىڭ
دەسلەپكى كۆلكىلىرىگە، دەسلەپكى كەچۈرمىشلىرىگە شا-

ھەست ئىدى. ئۇ قۇم بارخىنى ئۈستىگە ھاسىراپ - ھۆ-
مۈدەپ يامىشىپ چىقاتتى ۋە قاقاقلاپ كۈلگىنىچە دومىلاپ
موللاق ئېتىپ بارخان ئېتىكىگە چۈشەتتى، قايتا يامىشات-
تى ۋە يەنە دومىلايتتى. بۇ يەردىن تارقالغان قوڭغۇراق
ئاۋازىدەك زىل كۈلكە كۆل سۈيىگە سىڭىپ كېتەتتى. بە-
زىدە ئۇنىڭ بۇ خۇشاللىقلىرىغا ئاتىمۇ شېرىك بولاتتى.
ئاتىمۇ كېلەڭسىز گەۋدىسى بىلەن قۇم بارخىنىدىن
دومىلاپ قاقاقلاپ كۈلەتتى. ئارقىدىنلا كىيىملىرىنى سېلىپ
تاشلايتتى-دە، سالامنى ھاپاش قىلىپ كۆلنىڭ يېشىل سۇلى-
رىدا ئۈزۈشكە باشلايتتى. ئەندىككەن ۋە قورققان كىچىككىنە
سالام ئاتىسىنىڭ بوينىغا چىڭ گىرە سېلىۋالاتتى، «بوغۇ-
لۇپ كەتتىم، بوشراق تۇت» دېگەنلىرىگىمۇ ئۇنىماي يە-
نىمۇ مەھكەمرەك چاپلىشاتتى. ئۇنىڭ شوخ كۈلكىسى مەر-
كەزداش چەمبەرلەردەك كۆل يۈزىدە يېيىلاتتى... ئاتا
ئۈچ ياشلىق سالامغا سۇ ئۈزۈشنى كۆل بويىغا كۆچۈپ كەل-
گەن دەسلەپكى چاغلاردا ئۆگەتتى. ئۇ قولى بىلەن سالام-
نىڭ قورسىقىدىن كۆتۈرۈپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ قول-پۇتلىرىنى
ھەرىكەتلەندۈرگۈزەتتى. سالام شوخلۇق قىلىپ ئالىقانلىرى
بىلەن سۇ يۈزىگە پاقىلدىتىپ ئۇراتتى. پۇتلىرىنى
قالايمىقان پۇلاڭلىتىپ سۇنى چولتۇكلىتاتتى.
ئاتا بۇنىڭغا ئۇنىمايتتى، پۇتلىرىنى رىتىملىق
ھالدا ئارقىغا تېپىشنى، قول ئالىقانلىرىنى ئېچىپ
سۇنى بەدەن يۆنىلىشى بويىچە ئارقىغا تارتىشنى تەلەپ

قىلاتتى. قايتا ـ قايتا مەشقتىن كېيىن، ئۇنىڭ ھەرىـ
كەتلىرى قېلىپىقا چۈشۈپمۇ بولدى. ئاتا تۇيدۇرماستىن
سالامنىڭ قورسىقىدىن كۆتۈرۈپ تۇرغان قولىنى تارتىۋاـ
لاتتى. سالام ئۆزىنىڭ چۆكۈپ كەتمىگەنلىكىگە ھەيران
بولاتتى ۋە قورقۇپ كېتەتتى. كېيىنرەك، سالام تۆت ياشـ
تىن ھالقىپ بەشكە قەدەم قويغان چاغلاردا، كۆلدە خۇددى
بېلىقتەك ئەركىن ئۈزىدىغان بولدى. غۇلاچ تاشلاپ
ئەركىن ئۈزۈش، پاقىچىلاپ ئۈزۈش ۋە ئوكدىسىغا يېتىپ
ئۈزۈشنى ئۆگىنىۋالدى. ياۋا ئۆردەكتەك شۇڭغىغان چاغلىرىدا
سۇ يۈزىدىن ئۈزۈنغىچە يوق بولۇپ كېتەتتى. ئاتىنىڭ
قەلبى ئەنسىزلىككە تولۇپ، ئەمدى ۋارقىراي دېگەندە،
سالام يىراقىبىر يەردىن سۇ يۈزىدە خۇددى قۇندۇزدەك پەيـ
دا بولاتتى ...

سالامنىڭ ئەسلىمىلىرىنىڭ ئەڭ بېشىدا ئەنە شۇلار
تۇراتتى. ئۇنىڭ دۇنياسى كۆل، قۇملۇق، قومۇشلۇق ۋە
يېكەنلىك. ئۇنىڭ ھەمراھلىرى قوزا ۋە موزاي ئىدى. ئانىـ
سىمۇ، دادىسىمۇ بىرلا — ئاشۇ ئوچۇق سۆزلۈك ئاتا ئىدى.
ئۇ جاھاننى پەقەت مۇشۇلاردىنلا تەركىب تاپقان دەپ ئويلاپ قېلىـ
لىشى مۇمكىن ئىدى. لېكىن كېيىنچە كۆلگە ئايدا يىلدا
بىرەر قېتىم كېلىپ ـ كېتىۋاتقان ئادەملەرنى كۆرۈپ،
جاھاندا ئۆزلىرىدىن باشقا كىشىلەرنىڭمۇ بارلىقىنى بىلـ
دى. كۆلدىن ئىككى كىلومېتىر غەربتىكى — دەريا بويىـ
دىكى چوڭ يولغا بېرىشنى ئۆگەندى. باشتا ئۇ ئاتىسى بىـ

لەن بىرگە باردى، كېيىنچە ئۆزى يالغۇزمۇ بارىدىغان بول-
دى. ئەنە شۇ يولدىن ساناپ بولغىلى بولمايدىغان ئادەم-
لەر ۋە ئېشەك هارۋىلىرى ئۆتۈپ تۇراتتى. ئەنە شۇ يول-
دىن يەنە ئۇلارنىڭ يېگانە ئائىلىسىگە ئايدا بىر قېتىم
ئۇن، ياغ، هەپتىدە بىر قېتىم گېزىت، كىتاب ئەكېلىپ
بېرىدىغان، ياۋايى هايۋاندەك هۆكىرەپ - گۈركىرەپ ما-
ڭىدىغان يوغان تۆمۈر مەخلۇقمۇ ئۆتەتتى. ئۇنى تۇنجى
قېتىم كۆرگەندە سالام قورقۇپ كېتىپ قاچماقچى بولدى.
لېكىن ئاتا «قورقما بالام، بۇ ئادەم توشۇيدىغان ئاپتو-
بۇس. چۆچەكلەردىكى قورقۇنچلۇق ياۋايى هايۋان ئەمەس»
دەپ ئۇنى توختىتىۋالدى. سالام هەيران بولۇپ ئاغزىنى
ئېچىپ قالدى. ئاپتوبۇسنىڭ غەزەپلەنگەندەك قەهرى بىلەن
گۈركىرىشى ئۇنىڭغا بەكمۇ قورقۇنچلۇق تۇيۇلغانىدى.
ئاپتوبۇستىن بىر ئادەم چۈشۈپ ئاتىسى بىلەن نېمىلەرنى-
دۇر دېيىشتى، قاقاقلاپ كۈلۈشتى. ئاخىردا ئاتىسى سىمغا
ئۆتكۈزۈلگەن ئۈچ تال چوڭ بېلىقنى هېلىقى ئادەمگە بەر-
دى. هېلىقى ئادەم بولسا بىر باغلام گېزىتنى ئاتىسىنىڭ
قولىغا تۇتقۇزدى. سالام «تېگىشىش» دېگەننى بىلەتتى،
شۇڭا «ئۈچ بېلىقنى بىر باغلام گېزىتكە تېگىشتۇق» دەپ
ئويلىدى. هېلىقى ئادەم ئاپتوبۇسقا چىققاندىن كېيىن،
ئاپتوبۇس يەنە قەهرى بىلەن گۈركىرەپ، چاڭ - توزان
ئۇچۇرۇپ يۈرۈپ كەتتى. سالام ئۇنىڭ گۈركىرىشىگىمۇ،
چاقلىرىنىڭ پىرقىراپ ئايلىنىشىغىمۇ، ئۇنىڭ ئىچىدە
ئولتۇرغانلارنىڭ ئۆيدە ئولتۇرغاندەك خاتىرجەم ئولتۇرۇشى-
لىرىغىمۇ هەيران قالدى.



كېيىنكى چاغلاردا، سالام ئالتە ياشتىن ئاشقان كۈنلەردە، ھەر ھەپتىنىڭ ئاپتوبۇس ئۆتىدىغان كۈنى ئۇ ئەتىگەندىلا يول بويىغا كېلىپ، قۇم بارخىنى ئۈستىدە ئاپتوبۇس ساقلاپ ئولتۇرىدىغان بولدى. ئاپتوبۇس يېقىنلاپ كەلگەندە، ئۇ چىۋىققا ئۆتكۈزۈلگەن بېلىقنى ئېگىز كۆتۈرەتتى. ئاپتوبۇس بېلىقنى كۆرۈپ ئاستا توختايتتى، يەنە ھېلىقى ئادەم ئاپتوبۇستىن سەكرەپ چۈشۈپ ۋارقىرايتتى:

— ھە، چوڭ بالىسى، بۈگۈن نەچچىنى ئەكەلدىڭ؟ ھۇ، پىخسىق، ئىككى - ئۈچنى ئارتۇقراق تۇتۇپ بەرمەيتۇ - ھە! ...

سالام ھېچنېمە دېمەيتتى. بېلىقنى ئۇنىڭغا بېرىپ، ئۇ ئالغاچ كەلگەن گېزىت، قەنت - شېكەر، سەرەڭگە، تۇز ... دېگەندەك نەرسىلەرنى سومكىسىغا سالاتتى - دە، ئاپتوبۇس گۈركىرەپ ئورنىدىن قوزغىلىپ كۆزدىن يوقالغىچە ئارقىسىدىن قاراپ تۇراتتى. ئاندىن كېيىن نېمىلەرنىدۇر ئويلىغاچ لەگمەن تاقىتاقتەك سەكرەپ، توشقاندەك يۈگۈرۈپ، كۆل بويىغا قايتاتتى.

سالام تاشقى دۇنيا توغرىسىدا خىيال يۈرگۈزۈپ، جاھاندىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنى قومۇشلۇق كۆل بويىدىكى، قۇم بارخىنىڭ باغرىدىكى ئۆيلەردە ئولتۇرىدۇ، دەپ ئويلايتتى. ئۇلارنى كۆلدىن بېلىق تۇتۇۋاتقان، كالا سېغىۋاتقان، كۆكتاتلىقتا ئىشلەۋاتقان ياكى يالغۇز ئوغ-

لىغا دەرس ئۆگىنىۋاتقان ھالدا كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى. ئۇلارنى يەنە ھەر كۈنى كەچتە ئىشىك ئالدىغا چىقىپ ئىسكىرىپكا چېلىپ ئولتۇرۇشىدۇ، دەپ پەرەز قىلاتتى. ئۇ-نىڭ ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇپ يىراقلارغا بارغۇسى، ئاشۇ كى-شىلەرنىڭ ئۆيلىرىنى، ئۆيلىرى ئالدىدىكى كۆللىرىنى، كالا ۋە قويلىرىنى كۆرۈپ باققۇسى كېلەتتى. ئاتىسى پات - پات: سېنى شەھەرگە ئاپىرىمەن، ئۇ يەردە ئاجا-يىپ نەرسىلەر بار، دەيتتى. لېكىن بۇ سۆزنى كۆپ ئۆت-مەي ئۇنتۇپ قالاتتى. سالامۇ پات - پات ئاتىسىنى سۆيلەپ ئۇنىڭ ۋەدىسىنى ئېسىگە سېلىپ قوياتتى. ئۇن-داق چاغلاردا ئاتا نېمىشىدۇر باھانە قىلىپ «كېيىن، كېيىن ئاپىرىمەن، كېلەر يىلى يازدا بارايلى جۇمۇ، چو-قۇم ياخشى ئويناپ كېلىمىز» دەيتتى. ياز كەلگەندە بول-سا، ئۇ بۇ ۋەدىسىنى يەنە ئۇنتۇپ قالاتتى ... شۇنداق قىلىپ، تا ھازىرغىچە سالام تاشقى دۇنيانى كۆرەلمىدى. لېكىن ئۇ تاشقى دۇنيانى كۆرەلمىگەن بىلەن ئاللىقاچان ئۇ يەرلەرنى بىلىشكە، چۈشىنىشكە باشلىغانىدى. تۆت يىل بۇرۇن ئۇ باشلانغۇچ مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇشقا باش-لىدى. كۆلنىڭ قىرغىقىدا، ئاشۇ قۇم بارخىنىنىڭ باغرىغا سېلىنغان ئۆينىڭ ئالدىدا كاتتا ئوقۇش باشلاش مۇراسى-مى ئۆتكۈزۈلدى. ئاتا ئۆزى ياساپ، قازاننىڭ قۇرۇمى بىلەن بوياپ چىققان دوسكىنى ئۆينىڭ تېمىغا ئېسىپ «ئوقۇش باشلاش مۇراسىمى» دېگەن خەتلەرنى سېغىز

بىلەن چوڭ ۋە چىرايلىق قىلىپ يازدى، مەكتەپ مۇدىر-
لىقى بىلەن ئوقۇتقۇچىلىقنى ئۆزى ئۇستىگە ئالغانلىقنى
تەنتەنە بىلەن ئېلان قىلدى. ئوقۇغۇچىسىدىن كۇتىدىغان
تەلەپ ۋە ئۇمىدلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. مەشغۇلات ۋاق-
تى، ئىنتىزام، تەشكىللىي - تۇزۇملەرنى جاكارلىدى. لېكىن
ئوقۇغۇچى پەقەت بىرلا ئىدى. ئۇ ئوقۇتقۇچىسىنىڭ سۆز-
لىرىنى دىققەت بىلەن ئاڭلاپ كۇلۇمسىرەپ ئولتۇراتتى.

مەكتەپكە «چوڭ كۆل باشلانغۇچ مەكتىپى» دەپ
ئىسىم قويۇلدى. ھەممە دەرسلەرنى بىرلا مۇئەللىم ئۆت-
تەتتى. تىل ۋە ھېساب دەرسلىرى ئەتىگەندە، تەنتەربىيە
ۋە مۇزىكا دەرسلىرى چۇشتىن كېيىن ئۆتۇلەتتى. «تەنتەر-
بىيە دەرسىدە يازدا قۇم بارخىنى ئۇستىگە يۇگۇرۇپ چى-
قىش ۋە موللاق ئېتىپ چۇشۇش، ئاندىن كۆلدە سۇ ئۇزۇش؛
قىشتا بولسا مۇز تېيىلىش تۇرلىرى ئۆتۇلەتتى. مۇزىكا
دەرسىدە بولسا ئىسكىرىپكا چېلىشنى ئۆگىنىش، ناخشا
نوتا ئۆگىنىش ئاساس قىلىناتتى. ئوقۇغۇچى تولىمۇ ئە-
قىللىق ئىدى. ئۇچ يىل ئىچىدىلا بەش يىللىق باشلانغۇچ
مەكتەپنى تۇگەتتى، يىگىرمە نەچچە پارچە دەرسلىكنى
ئوقۇپ بولدى. ئۇ ھەتتا ئاشۇ دەرسلىكلەردىكى مۇھىم
مەزمۇنلارنى يادلاپ چىقتى. ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىسىغا:
«چۇشىنىش كېرەك، لېكىن يادلاشمۇ ئىنتايىن مۇھىم،
ئەستە قالدۇرۇشنىڭ يادلاشتىن باشقا ئۇسۇلى يوق. ياد-
لاش جەريانىدا چۇشەنگىلىمۇ بولىدۇ» دەپ سۆزلەپ تۇ-

راۋتتى. سالام كۆلنىڭ بويىدا، دوڭغاق سۆگەتنىڭ سايىسىدە، قېيىقنىڭ، قۇم بارخانلىرىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ كىتابلىرىنى يادلايتتى، شېئىر - قوشاقلارنى دېكلاماتسىيە قىلاتتى. ئوقۇتقۇچى بىلەن ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۈگىمەس سوئال - جاۋابلار داۋاملىشاتتى. ئوقۇتقۇچى شۇنچە سەممىي ئىدىكى، تەييارلىقسىز دەرسكە كىرمەيتتى، سورالغان سوئاللارنىڭ ھەممىسىگە ئەستايىدىل جاۋاب بېرەتتى، ئاچچىقلانمايتتى. ئۆزىمۇ بىلمەيدىغان، چۈشەنمەيدىغان سوئاللارغا دۈچ كەلگەندە، سەممىيلىك بىلەن «بىلمەيدىكەنمەن، كېيىن بىرەرسىدىن سوراپ باقايلى» كىتابلاردىن ئىزدەپ باقايلى دەپ جاۋاب بېرەتتى. بارا - بارا ئوقۇغۇچى چۈشەنمىگەن، ئوقۇتقۇچىمۇ چۈشەندۈرەلمىگەن سوئاللار كۆپىيىپ قالدى. ئاتىنىڭ: «ئەمدى سېنى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە ئاپىرىپ بەرمىسەم بولمىغۇدەك. سەن ئۇ يەردە چۈشەنمىگەنلىرىڭنى رەسمىي ئوقۇتقۇچىلاردىن سورايسەن، ھەممىنى سوراپ بىلىۋالىسەن، بۇ يىل ٩ - ئايدىلا سېنى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە ئاپىرىپ بېرىمەن ...» دېگەن سۆزى پات - پات تەكرارلىنىدىغان بولدى.

شۇنداق قىلىپ، سالام باشلانغۇچ مەكتەپنى تۈگەتتى. ئاتا سالام ئۈچۈن ئاتايىتەن كېزىت - ژۇرناللارنى، چۆچەك، ھېكايە، رومانلارنى سېتىۋالاتتى. سالام ئوقۇپ ھارمايتتى، بىياپان، قىرى، جىمجىت چۆلنىڭ قوينىدا

يېرىم ئۆتكۈزگۈچلۈك رادىئو قوبۇللىغۇچمۇ پەيدا بولدى. سالام تاشقى دۇنيا خەۋەرلىرىنى ئاڭلاپ قالمايتتى، ئاڭلىغانسېرى ئاڭلىغۇسى كېلەتتى.

سالام قانچىلىك بىر نەرسە ئۆگەندى؟ «چوڭ كۆل باشلانغۇچ مەكتىپى»نىڭ ئوقۇش سۈپىتى قانداق؟ بۇلار ئوقۇتقۇچىغىمۇ، ئوقۇغۇچىغىمۇ قاراڭغۇ ئىدى. لېكىن ئوقۇتقۇچىسى ئۆز ئوقۇغۇچىسىنىڭ نەتىجىسىدىن رازى ئىدى. ئوقۇغۇچىسىنىڭ ئەقىللىقلىقىدىن مەمنۇن ئىدى. ئۇنىڭ چۆلدىن چىقماي تۇرۇپلا تاشقى دۇنيا توغرىسىدا بىلىۋالغانلىرىدىن خۇشاللىق ھېس قىلاتتى.

ئۆتكەن يىلى 8 - ئايدا كۆلگە ئۈچ ئادەم مېھمان بولۇپ كەلدى، ئاتىنىڭ گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى. مېھمانلار بېلىق تۇتىدىغان قارماق ۋە يەيدىغان يېمەكلىكلىرىنى بىللە ئەكېلىشكەنىدى. ئاتا ئۇلارغا بېلىق تۇتىدىغان ئەڭ ياخشى جايلارنى كۆرسەتتى، قېيىقتىن بىمالال پايدىلىنىشنى، ياتاق، تاماقتىن ئەنسىرىمەسلىكنى، قانچە كۈن تۇرسىمۇ قارشى ئېلىنىدىغانلىقىنى ئېيتتى. سالام شۇ كۈنى كەچتە بىرىنچى قېتىم ئىمتىھانغا دۇچ كەلدى. كەلگەن مېھمانلار تۆۋەن تەرەپتىكى يېزىنىڭ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ مۇدىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلىرى ئىدى. ئۇلار يازلىق تەتىلدىن پايدىلىنىپ كۆل بويىغا دەم ئېلىش ئۈچۈن كەلگەنىدى. ئاتا گەرچە ئۇلارنى تونۇمىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئوقۇت-

قۇچى ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ خۇشال بولدى، كەچلىك تا-
ماقتىن كېيىن ئۇلارغا خۇشاللىق بىلەن ئۆزى مۇدىرلىقى-
دىكى «چوڭ كۆل باشلانغۇچ مەكتىپى»نىڭ ئەھۋالىنى تو-
نۇشتۇردى. بىر ئوقۇتقۇچى، بىر ئوقۇغۇچىدىنلا تەشكىل
قىلىنغان مەكتەپ توغرىسىدا ئاڭلاپ ئوقۇتقۇچىلار پاراق-
لاپ كۈلۈپ كېتىشتى. لېكىن كۆپ ئۆتمەيلا بۇ مەكتەپنىڭ
ئوقۇش سۈپىتىدىن مەمنۇن بولۇشتى. سالام ئەدەبلىك
ئوقۇغۇچى ئىدى، سورالغان سوئاللارغا تىك تۇرۇپ، دۇ-
دۇقلىماي چاقماقتەك جاۋاب بېرەتتى، دوسكىدا ھېسابلاپ
كۆرسىتەتتى، مىساللارنى ئېلىپ چۈشەندۈرەتتى. ئوقۇت-
قۇچىلار ئۇنىڭ مۇزىكىدىكى تالانتىدىن ئالاھىدە مەمنۇن
بولۇشتى. نوتىغا قاراپ مۇزىكا چالغىنىنى كۆرگەندە ئاغ-
زىنى ئېچىپلا قالدى، سالامنى ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي
ماختاپ كېتىشتى. ئىمتىھان ئاخىرىدا ئاتا ئۆزىنىڭ ۋە-
ئايدا سالامنى ئۇلارنىڭ مەكتىپىگە ئاپىرىپ بېرىش نو-
يى بارلىقىنى ئېيتتى.

— ئەسلى شەھەردىكى مەكتەپكە ئاپىرىپ بېرەيمى-
كىن دېگەنىدىم، لېكىن ئوغلۇمنى پات - پات كۆرۈپ
تۇرمىسام چىدىمايمەن. سىلەرنىڭ مەكتىپىڭلار يېقىن،
ھەپتىدە بىرەر قېتىم ئاپتوبۇس بىلەن كىرىپ كۆرۈپ چى-
قالايمەن. «چوڭ كۆل باشلانغۇچ مەكتىپى»نىڭ تۈنجى
قارارلىق بۇ ئوقۇغۇچىسىنى رەت قىلماي قوبۇل قىلىشىڭ-
لارنى سورايمەن.

— بەك ياخشى، ھازىر دېھقانلار يەككە ئىشلەۋاتقانلىقتىن بالىلىرىنى مەكتەپتىن قاچۇرىدىغان، پارچە-پۇرات ئىشلارغا سالىدىغان بولۇۋالدى. ھەر كۈنى بالا يىغىمىز دەپ ئاۋارە بولىمىز، ئۆزلۈكىدىن كېلىپ ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىنى جان دەپ قوبۇل قىلىمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە، سەنئەت پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشتا بۇنداق تايانچنى تاپماق تەس...

— ئەگەر ناھىيىدە تەنتەربىيە مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلۈپ قالسا، سۇ ئۈزۈش، مۇز تېيىلىش تۈرلىرىدە ئۇ سىلەرنىڭ مەكتەپكە شان-شەرەپ ئېلىپ كېلەلەيدۇ.

— ۋاي، تېخى ئۇنىڭ مۇنداق كارامىتىمۇ بار دېسىلە، ياخشى، بەك ياخشى، چوقۇم بالىنى بىزنىڭ مەكتەپكە بەرسىلە.

ئوقۇتقۇچىلار چۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدا بۇنداق ياخشى ئوقۇغۇچىنى ئۇچرىتىپ قېلىشىنى زادىلا ئويلىمىغان بولسا كېرەك، ئۇلار خۇشال بولۇپ، سالامدىن يېڭى-يېڭى سوئاللارنى سورايتتى. سالام ئۆزى ئوقۇپ چىققان كىتابلارنى بىر-بىرلەپ ساناپ بەرگەندە، ئۇلار يەنىمۇ خۇشال بولۇپ كېتىشتى. ئاخىرىدا مەكتەپ مۇدىرى:

— چوقۇم بىزنىڭ مەكتەپكە ئەۋەتسىلە، بىز ياخشى ئوقۇتۇشقا كاپالەتلىك قىلىمىز، لېكىن ... — مۇدىر سەل ئويلاپ تۇرۇپ قالدى، — لېكىن مەكتىپىمىزدە ئوقۇغۇچىلار ياتىقى يوق، ئوقۇغۇچىلىرىمىزنىڭ ھەممىسى ئۆز ئۆي-

لىردە يېتىپ، يىراقلاردىن پىيادە كېلىپ ئوقۇيدۇ. بى-
راق بۇنىڭ كارايىتى چاغلىق. سالامجان بىزنىڭ ئۆيدە
تۇرۇپ ئوقۇسۇن، مەن ئۇنىڭغا ئۆز ئوغلۇمدەك قارايمەن،
شۇنداق بولسۇن. مەن ئۇنى ئوغۇل قىلىۋالاي، تولۇقسىز
ئوتتۇرا مەكتەپنى تۈگەتكىچە ئوغۇل قىلىۋالاي.
مۇدىرنىڭ سۆزلىرى چىن ۋە سەمىمىي ئىدى. ئاتا
بەكمۇ خۇشال بولدى. كۆز چاناقلىرىدا شادلىق يېشى
لىغىرلىدى. ئارزۇلۇق ئوغلىغا قىلىنغان غەمخورلۇقنى
كۆرگەندە قايسى ئاتا شادلانماي تۇرالايدۇ؟ يەنە كېلىپ
ئۇ، ئوغلىنى ماختايدىغان سۆزلەرنى تۇنجى قېتىم ئاڭلا-
ۋاتاتتى. باشقىلارنىڭ ئوغلىغا غەمخورلۇق قىلماقچى ئى-
كەنلىكىنىمۇ تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتاتتى، ئۇ، مۇدىردىن،
ئوقۇتقۇچىلاردىن بەكمۇ رازى بولدى.
ئوقۇتقۇچىلار ئۈچ كۈن دەم ئېلىپ، بېلىق تۇتۇپ،
سۇ ئۈزۈپ، قۇمغا كۆمۈلدى، قانغىچە ئوينىغاندىن كېيىن
قايتىپ كېتىشتى. مېڭىش ئالدىدا ئۇلار سالامنى چوقۇم
9 - ئايدا مەكتەپكە ئاپىرىپ بېرىشنى ئاتىغا قايتا -
قايتا تاپىلىدى.
شۇ چاغدا سالامنىڭ يۈرىكى ھاياجان بىلەن دۇ-
پۇلدىگەن، 9 - ئاينىڭ كېلىشىگە يەنە قانچە كۈن بار-
لىقىنى ئىچىدە ھېسابلىغانىدى. ئۇ چۆلدىن چىقىپ يېزى-
غا بېرىشنى، كىشىلەرگە ئارىلىشىشنى، مەكتەپتە ئوقۇش-
نى، كۆڭلىدە يېشەلمەي قالغان تۈگۈنلەرنى ئوقۇتقۇچى-

لاردىن سوراپ بىلىۋېلىشنى بەكمۇ خالايتتى. ئاللىقانداق
بىر يېڭىلىق تۇيغۇسى، خۇددى كۈچلۈك ماگنىت مەيدا-
نىغا ئوخشاش ئۇنى ئۆزىگە تارتىپ تۇراتتى. لېكىن 9-
ئاي كەلگەندە، ئىش يەنە باشقىچە بولدى. ئاتا نېمىش-
قىدۇر خىيالچان بولۇپ قالغانىدى. ئۇ سالامغا: «بۇ يىل-
چە تۇرۇپ تۇرساڭمىكىن، يېشىڭمۇ ئانچە چوڭ ئەمەس،
كېلەر يىلى بارساڭمۇ كېچىكمەيسەن. نېمىشقىدۇ سەندىن
ئايرىلغۇم كەلمەيۋاتىدۇ ...» دېدى. بۇ سۆزنى ئۇ ئۆتكەن
يىلىمۇ دېگەنىدى. سالام يەنىلا ھېچنېمە دېمىدى، ئۇ-
نىڭمۇ ئاتىسىدىن ئايرىلغۇسى يوق ئىدى. لېكىن مەكتەپ،
يېزا، يەنە نېمىلەردۇر ئۇنىڭ قەلبىنى ئۆزىگە جەلپ قى-
لىپ تۇراتتى. شۇ كۈنى سالام كەچ كىرگىچە كۆلنىڭ
ئوتتۇرىسىدىكى قېيىقتا كۆلگە قاراپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ
ئاتىسىدىنلا ئەمەس، مۇشۇ كۆلدىنمۇ، قومۇلۇقتىنمۇ، چو-
چىلىرىدىنمۇ، ئاھۇ ئانىسىدىنمۇ ئايرىلغۇسى كەلمەيتتى،
قومۇشلۇقلار، قوم بارخىنى، كۆل ئۈستىدە چىرقىرىشىپ
ئۇچۇپ يۈرگەن چايكىلار، كۆل ئۈستىدە غاقىلدىشىپ ئۈ-
زۈپ يۈرگەن ياۋا غاز، ياۋا ئۆردەكلەر نېمە بىلەندۇر
ئۇنىڭ قەلبىنى باغلاپ تۇرغاندەك تۇيۇلاتتى. كەچتە ئاتا
يەنە مەكتەپ توغرىسىدا سۆز ئاچتى. ئۇنىڭ ئاۋازىدىن
ئاللىقانداق ھەسرەت بىلىنىپ تۇراتتى. سالام ئۇنىڭ
قەلبىدىكى قىيالماسلىق ھېسسىياتىنى تولۇق چۈشەنمەيت-
تى، لېكىن نېمىدۇر ھېس قىلاتتى.

— ماقۇل، دادا، بۇ يىلچە بارماي تۇراي، سىزدىن ئايرىلغۇمۇ كەلمەيدىكەن، كېلەر يىلى ئەھۋالغا قاراپ باقارمىز ...

— رەھمەت، ئوغلۇم. قەلبىمنى چۈشەندىڭ، مەن سېنىڭدىن ئۆمۈرۋايەت رازى. ئۇلۇغ خۇدا رىسقىڭنى كەڭ، مەرتىۋەڭنى ئۈستۈن قىلغاي. مەڭگۈ خارلىق، خورلۇق تارتمىغايسەن!

ئاتا ئادىتىگە خىلاپ ھالدا قوللىرىنى دۇئاغا كۆتۈرۈپ خۇداغا سېغىندى، ئوغلىغا دۇئا قىلدى، بۇ سالامنىڭ ئاتىسىنىڭ دۇئا قىلىشىنى تۇنجى قېتىم كۆرۈشى ئىدى. ئۇ بۇنىڭ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى چۈشەنمىدى. لېكىن ئاتىنىڭ ياخشى تىلەكلىرى ئۇنىڭ قەلبىگە بىر ئىسسىق تېقىمنى باشلاپ كىرگەنىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئاتىسىغا، ئاتىسىنىڭ ئۆزىگە يېقىنلىقىنى يەنىمۇ بەكرەك ھېس قىلدى.

شۇنداق قىلىپ، سالام چۆلدىن چىقالمىدى. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكىمۇ كىرەلمىدى.

## 4

ئاتا ئۇخلاپ قالدى. سالام كۆزلىرىنى قاراڭغۇلۇققا تىكىپ خىيال سۈرۈپ ياتتى. يۈرىكى سېغىنىش ئىراقى ئىچىدە پۇچۇلىناتتى. ئىسسىق، مېھرىبان بىر قۇچاقنى

سىغىناتتى. ئۇ سالامنى باغاشلىمايتتى، پەقەت ئۆزىنىڭ ئىسسىق قۇچاقلىرىنى ئېچىپ، ئۈنسىز قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ياقۇت كۆزلىرىدىمۇ سىغىنىش بار ئىدى. بۇ سىغىنىش بىر ئەسىر ھىجران ئازابى تارتقان، سىغىنىش پىراقىدا تالاي قېتىم پەرياد ئۇرغان، ۋىسالىغا ئېرىشكەن چاغدا بولسا لال بولغان دىللارنىڭ سىغىنىشىغا ئوخشايتتى. سالام ئۇنىڭ سىيلىق ۋە ئىسسىق بويىنىدىن قۇچاقلىغاندا، ئۇ بويىنىنى ئېگىپ مۇڭ ۋە ئوت چاچراپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن سالامغا تىكىلەتتى. ئۇنىڭ ئىسسىق تىنىدىن ئۇرغۇغان ھارارەت سالامنىڭ تېنىگە جان بولۇپ ئاقاتتى. تومۇرلىرىدىكى قانلىرىنى بۇژغۇنلىتىپ ئۆركەشلىنەتتى. سالامنىڭ ۋۇجۇدى ئاشۇ قۇچاقلاشلاردىن راھەت تاپاتتى. سالامنىڭ كۆزلىرى ئاشۇ ياقۇت كۆزلەرنىڭ نۇرلىرىدىن نۇرلىناتتى. ئۇنىڭ قەلبى، ئۇنىڭ ۋۇجۇدى، ئۇنىڭ سەزگۈلىرى يىراقتىن — ئاسمان قەھرىدىن، يەرنىڭ تەكتىدىن، ئۇپۇقنىڭ گىرۋەكلىرىدىن، شەپەقنىڭ قىزغۇچ رەڭلىرىدىن، كۆلنىڭ زۇمرەت سۇلىرىدىن ئاڭلانغان غايىبانە ئاۋازغا قۇلاق سالاتتى: «مەن سېنىڭ ئاناڭ، مەن سېنى ئاق سۈت بېرىپ باققان، سەن مېنىڭ سۈتۈم، مېنىڭ بىلىكىم، يۈرەك – پارەم، مېنى قۇچاقلا، قۇچاقلاشلىرىڭدىن بالقىغان ھارارەت قانلىرىمغا قوشۇلۇپ يىلىكلىرىمنى تولۇقلىسۇن، يۈرىكىمنى ياشارتسۇن. سەن مېنىڭ باھارىم، سەن مېنىڭ ياشلىقىم، مەن ئۆز ياشلىقىمنى، گۈ-

زەل باھارىمنى سېنىڭ قۇچاقلاشلىرىڭدىن قايتا كۆرىمەن، سېنىڭ قۇچاقلاشلىرىڭدىن قايتا سېزىمەن، سېنىڭ قۇچاق- لىرىڭ، سېنىڭ قۇچاقلاشلىرىڭلا مېنىڭ دەردلىرىمگە تەس- كىن - تەسەللى بېرەلەيدۇ ... »

سالامۇ ئۇنىڭ ئىسسىق ۋە ئاپئاق بويىندىن قۇ- چاقلاپ تۇرۇپ ئۈنسىز خىتاب قىلاتتى. مۆڭلۈك كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ، پەرياد چېكەتتى. ئۇنىڭ مېھرى - مۇھەببە- تىگە تەشنا قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن ئېتىلىپ چىق- قان پەرياد جىمجىت تەبىئەتنىڭ قوينىدا سۈكۈتتە تۇرغان مۆڭلۈك، مېھرىبان، غەملىك ئانىنىڭ قۇلاقلىرىغا سىڭىپ كەتكەندەك تۇيۇلاتتى: «سەن مېنىڭ ئانام، ئاق سۈت بېرىپ باققان ئانام، مەن سېنىڭ ئىسسىق قۇچاقلىرىڭغا موھتاج، يىللىق بېغىشلىرىڭغا موھتاج. مېنىڭ يېنىمدىن كەتمە، كۈندۈزىمۇ، كېچىسىمۇ مېنىڭدىن ئايرىلمىغىن. بىر دەملىك ۋىسال قەلبىمگە تەسكىن بېرەلمەيدىكەن، تە- سەللى بولالمايدىكەن. مېھرىبان ئانا، جان ئانا، مېنى تاشلاپ كەتمىگىن ... »

ئاھ خۇدا، ئۇنىڭ ئۈنسىز نىداسى ئانا قۇلاقلىرىغا ئاڭلىنامدىغاندۇ؟ ئانا قەلبىگە سىڭەمدىغاندۇ؟ ئانا قەل- بى ئوغلىنىڭ ئارمانلىرىنى چۈشىنەمدىغاندۇ؟

سالام ھەر كۈنى گۈگۈم پەيتىدە، ئاتا ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى سۇپىدا ئولتۇرۇپ مۆڭلۈك پەردىلەرگە ئىسكىرىپكىسىنى چېل- ۋاتقان چاغدا! ئاھۇ ئانىسىنىڭ بويىندىن ئەنە شۇنداق قۇچاق-

لايتتى. ئانا قەلبىنىڭ ئۈنسىز تىلەكلىرىنى ئاڭلايتتى. ئۆزىنىڭ
ئۈنسىز ئارمانلىرىنى ئانا قەلبىگە يوللايتتى. ئاشۇ بىر قانچە
مىنۇت سالامنىڭ بىر كۈنلۈك ھاياتىنىڭ ئەڭ كۆڭۈللۈك
قىسمى، قەلبىگە ئاللىقانداق بىر ئىسسىق ئېقىم ئېقىپ
كىرگەن دەقىقىلەرنىڭ بەختلىك خاتىرىسى بولاتتى. ئۇنىڭ
بىر كۈنلۈك ھاياتى بىر يىلدىن بېرى، ياق، ئىككى يىلـ
دىن بېرى ئاشۇنداق ئاياغلىشىپ كېلەتتى. ئاتا چېلىۋاتـ
قان ئىسكىرىپكىنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازى كۆل ئۈستىدە ئۆچـ
كەن چاغدا سالامنىڭ ئانىسى ئۇنىڭ قۇچاقلىرىدىن ئاستا
سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ تۈن قوينىدا غايىب بولاتتى. سالامنىڭ
قەلبىدە ئىسسىق ھارارەت ساقلىنىپ قالاتتى. ئۇ ئاشۇ
ئىسسىق ھارارەتنىڭ ئەللەيلىشى بىلەن ئۇيقۇغا كېتەتتى.
ئۇخلىغاندىمۇ يەنە ئانىسىنى قۇچاقلاپ، ئانىسىنىڭ قۇچاقـ
لىرىدا ئەركىلەپ چۈش كۆرەتتى.

ئەمدى مانا ئاشۇ ئانا يوق. ئۇ تۈنۈگۈنمۇ كەلمىدى.
بۈگۈنمۇ كەلمىدى. سالام ئۇنىڭ ئىسسىق بويىندىن قۇچاقـ
لىيالمىدى. ئۇنىڭ ھاياجانلىق نەپەس ئېلىشلىرىنى
ئاڭلىيالمىدى، ئۇنىڭ ياقۇت كۆزلىرىدە جىلۋىلەنگەن مۇڭـ
نىڭ كۆلەڭگىسىنىمۇ كۆرەلمىدى. سالامنىڭ قۇچاقلىرىدا
تۈن بويى ساقلىنىپ تۇرىدىغان، ئۇنى ئەللەيلىتىپ ئۇيقۇ
ئالەمگە ئاپارىدىغان ئاشۇ ئىللىق ھارارەت ئۆچۈشـ
كە باشلىدى.

سالامنىڭ قەلبى سېغىنىشتىن ھەسرەتكە تولسا،

غەم ـ ئەندىشىلەردىن چوغقا تاشلانغان كاۋاپتەك پۇچۇلىناتتى. خۇددى قەلبىنىڭ، يۈرىكىنىڭ مەلۇم بىر بۆلىكى ئۈزىدىن ئاجراپ كەتكەندەك، خاتىرىلىرىنىڭ ئەڭ مۇھىم بىر قىسمى ئۇنتۇلۇپ قالغاندەك، ئەڭ گۈزەل بىر چۈشىنىڭ شېرىن بىر بابىنى ئەسكە ئالالمايۋاتقاندەك بىئارام بولاتتى. ئۇ قەلبىدە ئاجايىپ بىر تەشنالىقنى سېزەتتى، سالام ئۆز قەلبىنىڭ ئانا مېھرىگە، ئانىسىنىڭ باھاردەك يىللىق جامالىغا، قۇياشتەك ئىسسىق باغرىغا تەشنا بولۇۋاتقانلىقىنى سېزەتتى. ئاشۇ ئاتەش قۇچاقلارنىڭ ھارارىتىسىز كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمەسلىكىنى، كۆڭلىگە ئاراملىق تاپالماسلىقىنى چۈشىنەتتى. لېكىن ئاشۇ تۇيغۇلارنى تىل بىلەن ئىپادىلەپ بېرەلمەيتتى، ئۇ ئەنسىرەيتتى. ئانىسىنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى، سېغىنىشقا كەلمەيۋاتقانلىقىنى بىلىشكە ئۇرۇناتتى. ئىزدىمەكچى بولاتتى. لېكىن نەدىن ئىزدەشنى، ئۆزى موھتاج بولغان ئاشۇ ئىسسىق قۇچاقلارنى نەدىن تېپىشنى بىلمەيتتى. سالام ئىشىك ئالدىدىكى سۇپىدا، ئاتىسىنىڭ يېنىدا ئاسمانغا تىكىلىپ ياتاتتى. ئاسماندا ساناقسىز يۇلتۇزلار چاراقلايتتى. قەلبىدە بولسا خىيال دەرياسى دولقۇنلايتتى. ئۇنىڭ كۆزىگە ئانىسىنىڭ ئوتلۇق ياقۇت كۆزلىرى كۆرۈنگەندەك بولدى. ئىسسىق بىر خىل ھارارەت ۋۇجۇدىنى يىللىتتى. ئاپئاق سۈت ئۈزۈلمەس ئېقىن بولۇپ ئاغزىغا، يۈرىكىگە ئېقىپ كىرىشكە باشلىدى... ياق، ئانام كەلمىدى. بۇ، دادامنىڭ قۇچىقى، مەن دادام-

نىڭ قويىنىدا، ئاپئاق سۈت نەدىن كەلدىكىنە؟ مەن ئا-
نامنىڭ ئەمچەكلىرىدىن شوراپ ئىمەتتىم. ئىمىلداشلىرىم
بىلەن تالىشىپ تۇرۇپ ئىمەتتىم. ئاپئاق سۈت، ئاپئاق،
ئىسسىق، تاتلىق سۈت ئېقىمى ... بۇ نەدىن كەلدىكىنە؟...
ئاسماندا بىر يۇلتۇز كۆچتى. بەلكىم ئېرىپ يوق
بولۇپ كەتكەندۇ، دادام شۇنداق دېگەن: يۇلتۇزلار ئار-
سىدىكى تارتىشىش كۈچ تەڭپۇڭلۇقى بۇزۇلغاندا، ئۇلار
كۆچىدىكەن، بىرى يەنە بىرىگە قوشۇلۇپ كېتىش ئۈچۈن
ئۈچىدىكەن. ئۈچۈش جەريانىدا چېچىلىپ، ئېرىپ گازغا
ئايلىنىپ كېتىدىكەن. بەزىلىرى مېتېئورىت بولۇپ يەر-
گە چۈشەرمىش ... بۇ ئاپئاق سۈت، ئاپئاق، ئىسسىق،
تاتلىق سۈت ئېقىمى ... نەدىن كەلدىكىنە؟ مەن ئانامنى
ئىمەتتىم، ئىمىلداشلىرىم بىلەن تالىشىپ تۇرۇپ ئىمەتتىم،
ئۇنىڭ ئەمچەك تۈگمىلىرى كۆپ ئىدى. ھەممىمىزگە
يېتەتتى، شۇنداقتىمۇ يەنە تالىشاتتۇق. تالىشىپ تۇرۇپ
ئىمەتتۇق ...

سالام چۈش بىلەن خىيال، ئەسلىمە بىلەن ئارمان
ئوتتۇرىسىدىكى بوشلۇقتا ئۇچۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ كۆزى
يۇمۇلاتتى، يەنە ئېچىلىپ كېتەتتى، چۈش كۆرەتتى
ۋە يەنە خىيالغا چۆمەتتى ...

يات، گۈزەل، ياقۇت كۆزلۈك جانىۋارنى قۇچاقلاپ
كۆتۈرۈۋالغان ئاتا قۇم بارخىنى ئۈستىدىن ھاسىراپ-
ھۆمۈدەپ چۈشۈپ كەلدى. يات جانىۋار ئۇنىڭ قۇچاقلىرى-

دىن ئاجراشقا ئۇرۇنۇپ، توختىماي تىپىرلايتتى. ئۆينىڭ ئالدىغا كەلگەندە ئاتا ئۇنى يەرگە يانتۇ ياتقۇزۇپ قويدى. جانىۋار ئورنىدىن تۇرماقچى بولاتتى، يەنە يىقىلاتتى. ئاخىرى تىنچلىنىپ يېتىپ قالدى. لېكىن بېشىنى يەرگە قويمىدى. ئۇنىڭ چۆچۈگەن، خۇمارلاشقان كۆزلىرى زەڭگەر ئاسمانغا، زۇمرەت كۆلگە، كۆمۈشتەك يالتىراق قۇم بار-خانلىرىغا تىكىلەتتى، كىچىككىنە ئوغۇل ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ زوڭزىيىپ ئولتۇردى، بالا جانىۋارنىڭ كۆزلىرى ئىچىدە يېنىۋاتقان چوغ — يۇلتۇزغا ھەيران بولۇپ قا-رايتتى، ئاتىنىڭ غودۇڭشىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى:

— ئالدى پۇتىنى پۈتۈنلەي چىقىپ تاشلاپتۇ، ھۇ نائەھلىلەر، قولۇمغىمۇ چۈشەرسەن، مەنمۇ ھەر قايسىڭغا پۇت چىقىلىشنىڭ تەمىنى تېتىتىپ قويمايدىغان بولسام، خەپ ...

ئاتا نېمىلەرنىدۇر تەييارلاپ، ئاخىرى جانىۋارنىڭ يېنىغا كەلدى، بالىنى ئۇنىڭ بېشىنى تۇتۇپ تۇرۇشقا بۇيرۇدى، بالىنىڭ قوللىرىغا يىپەكتەك يۇمشاق بەدەن، ئىسسىق ئېقىم ھارارەت بەردى، ئاتا بىر ھازا ھەپىلىشىپ جانىۋارنىڭ سۇنۇق پۇتلىرىنىڭ ئەتراپىغا تارىشا - تاختايلارنى تىزىپ تېڭىپ چىقتى.

— دادا، بۇ نېمە؟ ئۆچكىمۇ؟

— ياق بالام، ئۆچكە ئەمەس، بۇ چۆل گۈزىلى —

ئاھۇ. بەزىلەر ئۇنى كىيىك دەيدۇ، لېكىن بۇ كىيىك ئەمەس، قارىغىنا بۇ نېمىدېگەن گۈزەل! كۆزلىرىدە چوغ يېنىپ تۇرىدۇ، كۈندۈزدىمۇ يۇلتۇزلار ئۇنىڭ كۆزلىرىدە جۇلالايدۇ، بۇنىڭدىن مەشھۇر، خۇشپۇراق ماتېرىيال — ئىپار چىقىدۇ، كۈزدە ئۇ كىندىك تاشلايدۇ، يايلاقلارنى، چۆللەرنى خۇشپۇراققا تولدۇرىدۇ، ھۇ، نائەھلىلەر، قاپقان ئۇنىڭ ئالدى پۇتىنى چېقىۋېتىپتۇ، بوغاز ئوخشايدۇ.

ئاپئاق سۈت، ئاپئاق، ئىسسىق، تاتلىق سۈت ئېقىمى، بۇ نەدىن كەلدىكىنە؟ مەن چۈش كۆرۈۋاتىمەنمۇ...

ئاھۇ ياخشى ساقايمىغان پۇتلىرى بىلەن دىڭكوسلىدى، ئۇنىڭ يېڭىلا تۇغۇلغان ئوغلاقلىرى بوينىدىكى كىچىككىنە، تەبىئىي تۇمارلىرىنى لىكىلدىتىپ، ئانا ئاھۇنىڭ قورساقلىرىغا — ئاپئاق سۈت تولۇپ تۇرغان يېلىنىغا زەرب بىلەن ئۇسۇپ راھەتلىنىپ ئېمەتتى. ئانا ئاھۇنىڭ كۆزلىرىدە بەخت يۇلتۇزى، ئانىلىق ئىپتىخار. ئۇ بوينىنى بۇراپ ئوغلاقلىرىغا مېھرى بىلەن قاراپ قوياتتى.

مەخسۇس ئاھۇ ئۈچۈنلا ياسالغان قېلىن شادىلىق ئېگىز غارالنىڭ سىرتىدا قاراپ تۇرغان ئاتا - بالىمۇ خۇشال، ئۇلار ئاھۇ ئوغلاقلىرىنىڭ ئانىسىنى تىزلىنىپ تۇرۇپ ھۆرمەت بىلەن ئېمىشلىرىدىن، غارالنىڭ يوچۇقلىرىدىن چىقىپ سەكرەپ، قىسىغىتىپ ئوينىشلىرىدىن ئاجايىپ يېڭىلىق ھېس قىلاتتى، كۈلۈشەتتى، قەلبلىرى خەيرلىك ئىشنىڭ لەززىتىدىن مەمنۇن ئىدى.

— سەنمۇ ئىچىپ باقامسەن؟

— ئاھۇنىمۇ؟

— ھەئە. ئىچىپ باقىدىنا، قانداق بولىدىكىن؟

ئاتا شوخلۇق بىلەن كۈلۈمسىرەپ، غارىدىن ئارقىلىپ كىرىپ ئاھۇنى تۇتتى، بالا قاقاقلاپ كۈلۈپ ئاھۇنىڭ ئەمچىكىنى ئاغزىغا ئالدى، بۇرنى، نەپەسلىرى خۇش ھىدىن يايراپ كەتتى، بالا شورايتتى، لېكىن سۈت چىقمىدى، بالا قوللىرى بىلەن ئاھۇنىڭ ئەمچەكلىرىنى مۇجۇپ سىقىپ تۇرۇپ شورىدى، ئاپئاق سۈت، ئىسسىق، تاتلىق سۈت ئېقىپ ئۇنىڭ ئاغزىغا ئېقىپ كىردى، قەلبىگە، يۈرىكىگە، تومۇر - تومۇرلىرىغا ئېقىپ باردى.

— قانداقكەن؟

— تاتلىق، ئىسسىق ئىكەن، يەنە ئازراق ئىچەيچۇ ...

ئاتا قاقاقلاپ كۈلدى، بالىمۇ قاقاقلاپ كۈلدى، بالا كۈلكىدىن توختاپ نېمىندۇر ئويلاپ قالدى، ئۇنىڭ كۆز قارىچۇقلىرىغا خىيال سايە تاشلىدى.

— دادا، ئانا دېگەن بالىسىنى ئىمىتىپ باقامدۇ؟

— ھەئە، ئانا بالىسىنى سۈت بىلەن ئىمىتىپ باقىدۇ، كىم سۈت بەرسە شۇ ئانا، سۈت دېگەن بەكمۇ ئۇلۇغ، سۈت بەرگەن ئانىمۇ ئۇلۇغ، ئەمدى ئاھۇ سېنىڭ ئاناڭ بولدى، سەن ئۇنىڭ سۈتلىرىنى ئەمدىڭ، ئوغلاقلىرى بىلەن ئېمىلداش بولدۇڭ، ۋاي چۆل بالىسى، چۆل

گۈزىلىنىڭ ئوغلى.

ئاتا قاقاقلاپ كۈلەتتى، بالا قول ۋە تىزلىرىنى يەرگە قويۇپ، ئۆت پۈكلىنىپ، بېشىنى ئاھۇ ئوغلىقىنىڭ بوينىغا تىرىدى، ئېمىلداشلار ئۇسۇشۇپ، تىركىشىپ چاڭ-توزان كۆتۈردى. ئوغلاق كەينىگە داجىپ زەرب بىلەن ئۇسمەكچى بولغاندا، بالا قوللىرى بىلەن ئۇنىڭ زەربىسىنى توسۇۋالدى، ئۇ قاقاقلاپ كۈلەتتى. ئويناپ ھارغان ئوغلاقلار تۇمارلىرىنى لىكىلدىتىپ يەنە ئانا ئاھۇنى ئېمىشكە باشلىدى، بالىمۇ كەلدى، ئۇ ئېمىلداشلىرى — ئوغلاقلار بىلەن تالىشىپ ئېمەتتى، ئانا ئاھۇ بوينىنى بۇراپ ئۇلارغا مېھرىبانلىق بىلەن قاراپ قوياتتى ...

ئاپئاق سۈت، ئاپئاق، ھالال ۋە ئىسسىق سۈت ئېقىمى، بۇ نەدىن ئېقىپ كەلدىكىنە؟ مەن چۈش كۆرۈۋاتىمەنمۇ؟ ...

ئانا ئاھۇنىڭ چېقىلغان پۇتلىرى ساقايدى، ئۇ سەل-پەل ئاقسىسىمۇ بىمالال ماڭاتتى، ئوغلاقلار ئانا ئاھۇ بىلەن تەڭلىشىپ، بويلىشىپ قالدى، ئەمدى بالا ئۇلار بىلەن باش تىرەپ ئۇسۇشۇشقا، تىركىشىشكە جۈرئەت قىلالمايتتى، ئاتا ئانا ئاھۇنىڭ كۆزلىرىدىكى سېغىنىشنى، جۇدالىق ھەسرىتىنى ئېنىق كۆردى. ئاتا غارالىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىۋەتتى، ئانا ئاھۇ غارالدىن چىقىپ ئەتراپقا زوق بىلەن نەزەر سالدى، چۈشكۈرگەندەك

ئاۋاز چىقىرىپ پۇشقۇردى ۋە ئىككى ئوغلىقىنى ئەگەشـ
تۈرۈپ قۇم بارخىنى ئۈستىگە چىقىپ كەتتى. بارخاننىڭ
ئۈستىگە چىققاندا، نېمە ئۈچۈندۇر توختاپ كەينىگە
بۇرۇلۇپ قارىدى. ئۇ خۇددى «ئوغلۇم، مېنىڭ
سۈت بېرىپ باققان ئوغلۇم، قېنى كەينىمـ
دىن ئەگەش ...» دېمەكچى بولغاندەك يەنە پۇشـ
قۇرۇپ قويدى. شۇندىن كېيىن چۆل گۈزىلى چۆل قوينىدا
غايىب بولدى...

ئاپئاق سۈت، ئاپئاق، تاتلىق، ئىسسىق سۈت ئېـ
قىمى، بۇ نەدىن ئېقىپ كەلدىكىنە؟ مەن چۈش
كۆرۈۋاتىمەنمۇ؟...

ئىسكىرىپىنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازى كۆل يۈزىگە يېيىلـ
دى. ئۇ خۇددى تۈمەن يىللىق سېغىنىشنى، مىڭ ئەسىرـ
لىك ھىجراننى، بىر جاھان ھەسرەتنى كۈيلەۋاتقاندەك،
مۇڭلۇق، دەردلىك ئىدى. بالا پېتىۋاتقان قۇياشقا، ئۆچۈۋـ
ۋاتقان شەپەققە، ھىجران لىباسىغا، پۈركىنىۋاتقان كۆل
يۈزىگە قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ قۇلاقلىرىغا يېقىنلا يەرـ
دىن تونۇش پۇشقۇرۇش ئاۋازى ئاڭلاندى. بالىنىڭ يۈرەكـ
لىرى دۈپۈلدەپ كەتتى. ئۇنىڭ يىگىرمە مېتىرچە يىراقـ
لىقتىكى كۆلنىڭ قىرغىقىدا، گۈگۈم يوشۇرۇنغان قومۇشـ
لۇق ئارىسىدا تۇرغان ئانا ئاھۇغا ۋە ئېپمىلداشلىرىغا
كۆزى چۈشتى. بالا ئۇلارغا يېقىنلاشتى. ئانا ئاھۇنىڭ
ياقۇت كۆزلىرى مۇڭلۇق، ئۇ ئىسكىرىپكا ئاۋازىدىن مۇڭـ

لىنىپ خىيالغا پاتقاندەك تۇراتتى. بالا تېخىمۇ يېقىنلاشـ
تى. ئانا ئاھۇ نېمىدىندۇر چۆچۈگەندەك بوش پۇشقۇرۇپ
قويدى. بالا ئۇنى ئۈركۈتۈپ قويماسلىق ئۈچۈن ئارقىـ
سىغا ياندى. ئۇ ئانا ئاھۇ ۋە ئېمىلداشلىرىنىڭ ئۆزىگە
ئەگىشىپ كېلىشىنى، بەش ئاي ماكان تۇتقان غارنىڭ
ئىچىگە كىرىشىنى، تۈننى ئاشۇ يەردە خاتىرجەم ئۆتكۈـ
زۈشىنى ئارزۇ قىلاتتى. لېكىن ئۇنىڭ ئانىسى ۋە ئېمىلـ
داشلىرى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كەلمىدى. كۆل بويىدىنمۇ
كەتمىدى. ئىسكىرىپكا ئاۋازى كۆل ئۈستىدە ئۇزۇنغىچە
ياڭراپ تۇردى.

— ئۇخلايسىمۇ، ئوغلۇم؟

— ئاھۇ ئاشۇ يەردە قالامدۇ؟

— ھەئە، ئۇ ئەمدى غارنىڭ ئىچىگە كىرمەيدۇ.
ئەركىنلىكتىن مەھرۇم بولۇشنى خالىمايدۇ. ئەركىنلىك
دېگەن ھەممە ئۈچۈن، ھەممە مەخلۇق ئۈچۈن مۇقەددەس
ئەركىنلىك دېگەننى بىلەمسەن؟ بولدى قوي، ئوغلۇم.
ئەمدى ئۇخلايلى، چوڭ بولغاندا ھەممىنى چۈشىنىسەن...

بالىنىڭ قەلبى ئاھۇ ئانىنىڭ ئۆز يېنىدا، كۆل
بويىدا، قۇم بارخانلىرىنىڭ كەينىدە، توغراق شاخلىرىنىڭ
سايىسىدە ئىكەنلىكىنى. غارنىڭ ئىچىگە كىرمىگەن
بولسىمۇ، بۇ يەردىن يىراقلاپ كەتمىگەنلىكىنى سېزىپ
تۇراتتى.

ئىككىنچى كۈنى، مۇڭلۇق ئىسكىرىپكا ئاۋازى كۆل

سۈيىنى ئەللەيلىتىۋاتقان چاغدا، بالا ئاخشام ئاھۇ ئانىسىنى كۆرگەن يەرگە تىكىلدى. ئۇنىڭ قەلبىدە سېغىنىش ئەۋج ئۇراتتى. كۆپ ئۆتمەي ئاھۇ ئانا ئوغلاقلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ كەلدى. كۆلدىن سۇ ئىچتى. ئىسكىرىپكىنىڭ ئاۋازىغا قۇلاق سېلىپ مۇڭلانغان ھالدا قاراپ تۇردى. ئۇنىڭ قاراشلىرىدىمۇ سېغىنىش بار ئىدى. بالا يېقىنلاپ باردى. ئاھۇنىڭ ياقۇت كۆزلىرىدە ئۆزىنىڭ كۆلەڭگىسىنى كۆردى. ئۇنىڭ ئىسسىق، يۇمشاق، سىلىق بويىندىن قۇچاقلىدى، ئاھۇ ئۈركۈمىدى. خۇددى ئاشۇ قۇچاقلاشلارنى ئارزۇ قىلغاندەك بۇرۇلۇپ، مۇڭلۇق كۆزلىرى بىلەن بالىغا قاراپ قويدى. قۇچاقلىشىش ئۇزۇنغىچە داۋام قىلدى تاكى ئىسكىرىپكا ئاۋازى كۆل سۈيىدە ئېرىپ يوق بولغانغا قەدەر داۋام قىلدى. ئاھ، ئانا تىنىقلىرى. ئاھ، ئانا ۋۇجۇدىدىن ئۇرۇلغان ھارارەت! سەندىن ئىسسىق، سەندىن ئۇلۇغ يەنە بىر نەرسە بارمۇ؟ مەن سېنىڭ بالاڭ، مەن سېنىڭ قوزاڭ...

ئاپئاق سۈت، ئاپئاق، ئىسسىق، تاتلىق سۈت ئېقىمى، بۇ نەدىن ئېقىپ كېلىدىكىنە، مەن چۈش كۆرۈۋاتىمەنمۇ؟...

تالاي كۈنلەر، تالاي تۈنلەر ئۆتتى. ئىسكىرىپكىنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازى تالاي قېتىم كۆل سۈيىدە ئېرىدى. ئوتقاشتەك ئاھۇ كۆزلىرىدىكى چوغدەك قىزىل كەچكى شەپەق تالاي قېتىم كۆل سۈيىگە چۆكتى. ھەر كۈنى

گۈگۈمنىڭ قارا لىباسى كۆل يۈزىنى يېپىۋاتقان چاغدا بالا ئاھۇ ئانىسىنىڭ بويىنىدىن ئەنە شۇنداق قۇچاقلايتتى. ئاشۇ ئىسسىق، يۇمشاق، مۇلايىم بويۇندىن ئانا مېھرىنى ھېس قىلاتتى. يەنە تىل بىلەن ئىپادىلەپ بەرگىلى بولمايدىغان تۇرغۇن - تۇرغۇن نەرسىلەرنى ھېس قىلاتتى.

ئاپئاق سۈت، ئاپئاق، ئىسسىق. تاتلىق سۈت ئېقىمى. بۇ نەدىن ئېقىپ كەلدىكىنە؟ مەن چۈش كۆرۈۋاتىمەنمۇ؟

پۇشقۇرغان ئاۋازدىن چۆچۈگەن سالام كۆزلىرىنى ئاچتى، ئاسماندا سانىقسىز يۇلتۇزلار چاراقلايتتى. يانىدىن ئاتىسىنىڭ پۇشۇلداپ نەپەس ئېلىشى، كۆلدىن ياۋا ئۆردەكلەرنىڭ غاقىلداشلىرى ئاڭلىناتتى. سالام يانغا ئۆرۈلدى. سۈپىنىڭ يېنىدا ئانا ئاھۇ قاراپ تۇراتتى. سالام كۆزىنى يۇمدى، مەن چۈش كۆرۈۋاتىمەنمۇ؟ ئۇ كۆزلىرىنى يەنە ئاچتى، راست، ئاھۇ ئانا ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى. ئۇ ئورنىدىن تۇرغان پېتى يالىڭاچ بىلەكلىرى بىلەن ئانا بويىنىغا گىرە سالدى. ئىسسىق ھارارەت بەدىنىگە ئۆرۈلدى. يۈرىكىنىڭ دۈپۈلدىشى ئانا يۈرىكىنىڭ دۈپۈلدەشلىرى بىلەن قوشۇلۇپ كەتتى. ئانا ئاھۇ بويىنىنى قىيا بۇراپ سالامغا قاراپ تۇراتتى. ياقۇت كۆزلەر چاقنىغان يۇلتۇزدەك كۆرۈنەتتى. سالام ئاھۇنىڭ بويىنىدىن قولىنى ئاجرىتىپ، ئۇنىڭ دۈمبىسىنى سىلىدى، قۇلىقىنىڭ ئارقىسىنى قاشلىدى. مەڭ-

زىنى ئانا ئاھۇنىڭ ياقۇت كۆزلىرىگە ياقتى، ئۇنىڭ قەل-
بىدە سۆيۈنۈش ھېسسى داۋالغۇيتتى. قەلبى بىرلا سۆزنى
تەكرارلايتتى: «ئانام كەلدى، ئانام سالامەت ئىكەن. مې-
نى سېغىنىپتۇ، مېنى كۆرگىلى كەپتۇ. ئۇ مېنى كۆرگىلى
كەپتۇ...»

ئىككى يۈرەك قوشۇلۇپ دۈپۈلدەيتتى. ھىجراننىڭ
ئاخىرلىشىش، ۋىسالنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى مەڭگۈ مۇشۇ
دەقىقە بولىدىغاندەك، ئەمدى ھىجران ئەبەدىي ئاخىرلى-
شىدىغاندەك، ۋىسال قۇياشى مەڭگۈ پاتمايدىغاندەك شاد-
لىق پەدىسىگە دۈپۈلدەيتتى، ئىككى يۈرەك، ئىككى قەلب
بىر - بىرىگە خىتاب قىلاتتى:

«ئاھ بالام!»

«جان ئانام!»

مۇڭلۇق ئىسكىرىپكا ئاۋازى ياڭرىدى. قاچاندۇر
ئويغىنىپ كەتكەن ئاتا ۋىسال تەنتەنىسىگە مۇزىكا تەڭ-
كەش قىلىشنى ئۇنتۇمىغانىدى. كۆلنىڭ ئۈستىنى، دامبى-
نى، قۇم بارخىنىنى ئىسكىرىپكا ئاۋازى قاپلىدى. ئۇنىڭ-
دا ۋىسال شادىيانىسىدىن كۆرە زېدىلەنگەن يۈرەكلەرنىڭ
مۇڭى بەكرەك جاراڭلايتتى. ئىسكىرىپكا «ھىجران دېمەك-
لىك مۇڭ، ۋىسالمۇ مۇڭ، دۇنيانىڭ ئۆزى مۇڭلانغان دۇن-
يا...» دەپ كۈيلەۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. ئاھ خۇدا، ئۇ
سېغىنىش كۈيلىرىنى، شادلىق كۈيلىرىنى كۈيلەشنى
بىلمەمدىغاندۇ؟

تۇننىڭ، تەبىئەتنىڭ مۇڭلىرىغا يۇرەك مۇڭلىرى قوشۇلۇپ كەتتى. ئاسمان، كۆل، قۇم بارخىنى يۇلتۇزلۇق تۈن مۇڭلىناتتى. ئوتلۇق يۇلتۇزمۇ، ياقۇت كۆزلەرمۇ مۇڭلىناتتى. كاماللىچىنىڭ قىللىرىدىن، ئىسكىرىپكىنىڭ سىملىرىدىن «جان بالام، جان بالام، سەن ئانا مېھرىگە شۇنچىلىك تەشنامۇ؟ مەن سېنىڭ ئۇۋالىڭغا قالدىم. ياق، مەن سېنى ئانا مېھرىگە قاندۇرىمەن، قىش ئۆتۈپ، يىللىق ياز كەلسۇن، مەن سېنى...» دېگەن نىدا جاراڭلىغاندەك بولاتتى.

سالامنىڭ قەلبىدىن يىغا ــ زارغا ئوخشاش بىر سېزىم بالقىدى. ئۇ ئانا ئاھۇنىڭ بويىنىدىن يەنىمۇ مەھكەمرەك قۇچاقلىدى.

## 5

سالام سىنىپتىن چىقىپ ۋاسكېتبول مەيدانىنى بويلاپ ماڭدى. ۋاسكېتبول مەيدانىنى بوك ــ باراقسان دەرەخلەر قورشاپ تۇراتتى. مەيداندا توپ ئويناۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ خۇشال ئاۋازلىرى ياڭرايتتى. سالام ۋاسكېتبول مەيدانىنى يانداپ ئۆتۈپ، پۇتبول مەيدانىنىڭ قىرغىقىغا كېلىپ توختىدى. پۇتبول ئويناۋاتقانلارنىڭ هاي ــ هۇيلىرى، سىرتتىكى هە ــ هۇچىلارنىڭ قى

قاس - چوقانلىرى مەكتەپ شادىيانىسىنى ئەۋجىگە كۆتۈر-
گەندى. سالام پۇتبول ئويناۋاتقانلارغا قاراپ تۇردى.
كۆزى مەيداندا، كۆڭلى نىمىنىدۇر كۈتەتتى. ئۇ ئىككى ھەپ-
تىدىن بېرى، ياق بىر ئايدىن بېرى دەل مۇشۇ چاغدا —
كۈن پېشىنغا قايرىلغان چاغدا مەيدانغا چىقاتتى. ساۋاق-
داشلىرىنىڭ ئويۇنلىرىغا قاراپ تۇراتتى. كۆڭلىدە بولسا
خۇددى بۈگۈنكىدەك نىمىنىدۇر كۈتەتتى... ئۇ دەرسلەرگە
تېزلا يېتىشىۋالدى. لېكىن مەكتەپ ھاياتى، شەھەر يېڭى-
لىقلىرى، كوچا - رەستىلەر، كىنو، كونسېرت، توپ مۇسا-
بىقىسى .... ھەممىسى ئۇنىڭغا يېڭى ۋە ھەيران قالارلىق
تۇيۇلاتتى، شۇنداقتىمۇ بۇ يېڭىلىقلار ئۇنىڭ قەلبىنى
پۈتۈنلەي رام قىلىپ كېتەلمىدى. ئۇ مۇشۇلار ئىچىدىن
ئۆزى تەشنا بولغان بىر ئىشنىڭ يۈز بېرىشىنى كۈتەتتى.

سالام مەيدە يانچۇقىنى سىلاپ قويدى. ئۇ يەردە
ئاتىسى بەرگەن، ئۈچ پۈرجەك قىلىپ قاتلانغان خەت بار
ئىدى. خوشلىشىدىغان چاغدا ئاتا ئۇنىڭغا: «سېنى ئىزدەپ
كېلىدۇ. چوقۇم ئىزدەپ كېلىدۇ. سېنى ئىسسىق باغرىغا بېسىپ،
كۆز ياشلىرىنى تۆكىدۇ. شۇ چاغدا بۇ خەتنى ئۇنىڭغا بەرگىن»
دېگەن. مانا بىر ئاي ئۆتتى. سالامنى ھېلىقى شوپۇر تاغىسى-
دىن باشقا ھېچكىم ئىزدەپ كەلمىدى. ئۇمۇ پەقەت ھەر
قېتىم چۆلگە كىرىپ - چىققاندا بىر قېتىم ئىزدەپ كېلەت-
تى ۋە «ھە، چۆل بالىسى، خېلى كۆنۈپ قالغاندەك تۇرا-
سەن؟ يەكشەنبە كۈنلىرى بىزنىڭ ئۆيگە بېرىپ تۇر جۇ-



مۇ...» دەپ كېتىپ قالاتتى، لېكىن سالامنى قۇچاقلاپ، ئىسسىق كۆز ياشلىرىنى تۆكىدىغان ئادەم ئىزدەپ كەلمىدى. سالام مانا شۇنى كۈتەتتى.

سالامنىڭ قەلبىدە ھېلىمۇ چۆل ھەققىدىكى ئەسلىمىلەر داۋالغۇيتتى. زۇمرەت كۆل، قۇم بارخانلىرى، شامال چىققىسىلا پىچىرلايدىغان قومۇشلۇق، ئىككى ئۇزۇن بويۇن ئاق قۇ، تاڭ سەھەردىلا ئۇنى ئويغىتىدىغان ئاتا، بۇژغۇنلاپ تۇرىدىغان ئىسسىق خام سۈت، مۇڭلۇق ئىسكىرىپكا ئاۋازى، ئاھۇنىڭ ياقۇت كۆزلىرى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا گەۋدىلىنەتتى. قەلبى سېغىنىش بىلەن تولاتتى. «ھەي، بۇ يىلمۇ كەلمىسەم بوپتىكەن. ئاتام بىچارە يالغۇز قالدى. ئاھۇ ئانامۇ يالغۇز قالدى، ئاتامنىڭ ئىسكىرىپكىسى يەنىمۇ مۇڭلۇق كۈيلەرگە كۈيلەيدىغان بولۇپ كەتكەندۇ. ئاتام يالغۇز زېرىككەندۇ. ئۇ چاغلاردىمۇ مەن بىلەن پاراڭلىشاتتى. ئەمدى كىم بىلەن پاراڭلىشىۋاتقاندۇ؟ بىچارىگە ھەپتە - ھەپتىلەپ ئادەم زۇۋانىنى ئاڭلاشقا توغرا كەلمەس. گەپلىشىدىغان، مۇڭدىشىدىغان ئادەم تېپىلماس، ھېلىمۇ ياخشى، ھېلىقى يېرىم ئۆتكۈزگۈچلۈك رادىئو قوبۇللىغۇچنىڭ بولغىنى...» سالام قەلبى سېغىنىش بىلەن تولغان چاغلاردا تولاراق مۇشۇنداق خىيال قىلاتتى. ئاتىسى ھەققىدە ئويلايتتى. ھېلىقى ياقۇت كۆزلۈك ئاھۇ ئانىسىنىمۇ ئويلايتتى. ئۇنىڭ دۈمبىسىنى سىلىغۇسى، قۇلاقلىرىنىڭ كەينىنى قاشلاپ قويغۇسى كېلەتتى...

ئاشۇ كۈنى ئاتا ئەتىگەنلىك ئىشلىرىنى تۈگىتىپلا ئاپتوبۇس شوپۇرى بىلەن ئۇچرىشىدىغان جايغا كەتكەنىدى. چۈشتە گېزىت ـ كىتاب ۋە باشقا نەرسىلەرنى كۆتۈرۈپ قايتىپ كەلدى. گېزىت ـ كىتابلارنى سالامغا تۇتقۇزدى ـ دە، كۆلگە، قومۇشلۇققا، قۇم بارخىنىغا قاراپ ئۇزۇنغىچە جىمىدە ئولتۇردى. ئۇنىڭ قەلبىدە ئاللىقانداق بىر ئىش توغرىسىدا كۈرەش بولۇۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. چۈشتىن كېيىن ئۇ بېلىق تۇتۇۋاتقان سالامنى چاقىردى.

— تەييارلان، سەن مەكتەپكە بارىدىغان بولدۇڭ. شوپۇر تاغاڭ سۆزلىشىپ قويۇپتۇ. ئەتىكى ئاپتوبۇس بىلەن ماڭىمىز.

— يېزىدىكى مەكتەپكىمۇ؟

— ياق، شەھەردىكى مەكتەپكە، سەن شۇ يەردە يېتىپ ئوقۇيسەن، تاماقنىمۇ مەكتەپنىڭ ئاشخانىسىدىن يەيسەن.

سالام كۈلمەكچى، ئاپئاق چىشلىرىنى چىقىرىپ ھىجايماقچى بولغانىدى، لېكىن ئاتىسىنىڭ كۆزلىرىدىكى ھەسرەتنى كۆرۈپ توختاپ قالدى، ئۇ شۇ بىر دەقىقە ئىچىدە بۇنىڭ ئايرىلىش ئىكەنلىكىنى، ئاتىسىدىن ئايرىلىپ يىراقلارغا كېتىدىغانلىقىنى، كۆلدىن، قۇم بارخىنىدىن، چۈجىلىرىدىن ئاھۇ ئانىسىدىن ئايرىلىدىغانلىقىنى چۈشەنگەنىدى، كۆزلىرىدىن خۇشاللىق بىلەن ھەسرەتنىڭ ئارىلاشمىسى ئۇچقۇندىدى. ئۇ مۇڭلانغاندەك جىمىدە تۇرۇپ قالدى.

— تەييارلان، كىتاب - ژۇرناللىرىڭنى ساندۇققا سال، نەرسە-كېرەكلىرىڭنى يىغىشتۇر، — ئاتا يەنە بىر قېتىم تەكرارلىدى.

شۇكۈنى كەچتە سالام ئاھۇ ئانىسى بىلەن ئۇزۇنغىچە مۇڭداشتى. ئۇنىڭ بوينىدىن ئۇزۇنغىچە قۇچاقلاپ تۇردى. دۈمبىسىنى، قولاقلىرىنىڭ كەينىنى قاشلىدى.

— ئەمدى كېتىدىغان بولدۇم، ئوقۇمىسام بولمايدۇ، مېنى ئۇنتۇما، سەن مېنىڭ ئانام، ئاق سۈت بەرگەن ئانام، مېنى ئۇنتۇما، قىشلىق كانىكۇل باشلانسىلا قايتىپ كېلىمەن، سېنىڭ بوينۇڭدىن يەنە قۇچاقلايمەن، سېنى يەنە قۇچاقلايمەن... — سالام ئاھۇغا قاراپ ئاخىرقى سۆزلىرىنى ئېيتتى.

شۇ كۈنى ئاخشىمى ئاتىمۇ سالامغا ئاخىرقى سۆزلىرىنى دېدى:

— ئاھۇ سېنىڭ ئاناڭ ئەمەس، سەن بۇنى چۈشىنىدىغان ياشقا يەتتىڭ، سېنىڭ ئاناڭ شەھەردە، شەھەرگە كەلگەنلىكىڭنى ئاڭلىسىلا سېنى ئىزدەپ كېلىدۇ. باغرىڭغا بېسىپ ئىسسىق كۆز ياشلىرىنى تۆكىدۇ. ئانا دېگەن بالىغا چىدىمايدۇ. بىچارە ئون يىلدىن بېرى سېنى بىر مىنۇتمۇ ئۇنتۇمىغاندۇ، بىر مىنۇتمۇ يادىدىن چىقارمىغاندۇ. ئۇكىچىك ۋاقتىڭدا ساڭا بەكمۇ ئامراق ئىدى... نېمىشقا مېنى ئىزدەپ كەلمەيدۇ دەمسەن؟ ئاھ بالام، بۇلارنى ساڭا

چۈشەندۈرۈپ بولغىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭغا مەن يامانلىق قىلغان. ئۇنىڭ قەلبىنى يارا قىلغان. سېنى ئۇنىڭ باغرىدىن تارتىۋېلىپ، ئۇنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقارغان ... ئۇ مېنى كۆرۈشنى، مېنىڭ چىرايىمغا قاراشنى خالىمايدۇ. مەن سىلەرنى جۇدا قىلغان. بۇ قېتىم شەھەرگە بارساڭ ئۇ سېنى چوقۇم ئىزدەپ كېلىدۇ. سېنى باغرىغا بېسىپ، ئىسسىق كۆز ياشلىرىنى تۆكىدۇ. شۇ چاغدا سەن بۇ خەتنى ئۇنىڭغا بەر. ئۇ مېنى، مەندەك بىر تاش يۈرەكنى كەچۈرسۇن. سەنمۇ مېنى كەچۈر، مەن...

بۇ سېنتەبىرنىڭ باشلىرىدىكى گەپ ئىدى. ئەتىسى ئۇلار شەھەرگە كەلدى. سالام شەھەرنىڭ كەڭ كوچا - رەستىلىرىگە، ئېگىز، ھەيۋەتلىك، كۆركەم بىنالىرىغا ھەيران بولۇپ قالدى. ئاتا شەھەرنىڭ ئاشۇ كوچىلىرىدىن ئۆتۈپ شوپۇر دوستىنىڭ ئۆيىگە كېتىۋاتقانىدىمۇ، ئەتىسى سالامنى باشلاپ مەكتەپكە ئاپارغانىدىمۇ خۇددى نېمىدىندۇر بىر نەرسىدىن خۇدۇكسىرىگەندەك بېشىنى سىلىپ ماڭدى. كىشىلەردىن ئۆزىنى قاچۇردى. ئۇنىڭ كۆرۈنۈشىدىن، باشقىلارنىڭ ئۆزىنى تونۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

ئاتا سالامنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ قايتىدىغان چاغدا، ئۇنىڭغا ئۇزۇنغىچە نەسىھەت قىلدى. ئەمدى ئۇنىڭ مۇستەقىل ياشايدىغانلىقىنى، ئۆزىدىن ئۆزى خەۋەر

ئالمىسا بولمايدىغانلىقىنى ئەسكەرتتى. ئاخىردا:

— مەن ئەمدى كەلمەيمەن، شەھەرگە كېلىشكە، شەھەر ئادەملىرىگە كۆرۈنۈشكە مېنىڭ يۈزۈم چىدىمايدۇ. قىشلىق تەتىلدە شوپۇر تاغاڭ بىلەن بىللە كۆلگە قايتقىن، مەن ساڭا كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئەۋەتىپ تۇرىمەن. تۇرمۇشتا رەتلىك بول، ساۋاقداشلىرىڭ بىلەن ياخشى ئۆت، ئۇستازلىرىڭنىڭ گېپىنى ئوبدان ئاڭلا... مەن ئەمدى تاكى قىشلىق تەتىلگىچە سېنى كۆرەلمەيدىغان بولدۇم، — دېدى. ئۇنىڭ ئاۋازى بوغۇلۇپ، كۆزلىرى قىزاردى، سالام ھېچنىمە دېمەي، جىمجىت قاراپ تۇردى.

مانا ئەمدى سالامنىڭ شەھەرگە كېلىپ ئوقۇشقا باشلىغىنىغا، ئاتىسىدىن ئايرىلغىنىغا بىر ئاي بولدى. بۇ بىر ئاي ئىچىدە سالام ساۋاقداش - ياتاقداشلىرىدىن دوست تاپتى. كىنو - كونسېرتلارغا بېرىشنى، يەكشەنبە كۈنلىرى بازار چۆگىلەشنى ئۆگەندى. دوستلىرى بىلەن مەكتەپنىڭ مەيدانلىرىدا، دەرسخانىنىڭ كارىدورلىرىدا قېيغىتىپ چاپتى. لېكىن نېمىشقىدۇر ھەر كۈنى دەرسلەر ئاياغلىشىپ ئىختىيارىي پائالىيەت باشلانغان چاغدا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئاتىسى سۆزلەپ بەرگەن ھېلىقى ئانا گەۋدىلىنەتتى. ئۇ ئانىسىنىڭ سىماسىنى ئەسلىيەلمەيتتى. ئانىسىنى ئويلىغان چاغدا نېمىشقىدۇر چۆل، ئاھۇ كۆز ئالدىدا نامايان بولاتتى. مۇڭلۇق ئىسكىرىپكا ئاۋازى ئاڭلانغاندەك، قومۇشلۇقنىڭ ئىچىدىن پۇشقۇرغان ئاۋاز

ئاڭلىنىپ ئۆزىنى يېنىغا چاقىرىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى، مۇڭ ۋە مېھرىبانلىق تۆكۈلۈپ تۇرغان ياقۇت كۆزلەرنى كۆرگەندەك بولاتتى...

بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى ياتاقدىشى ئەكبەرنىڭ ئانىسى كەلدى، يىراق بىر تاغدىكى كاندىن بالىسىنى كۆرگىلى كەلگەن ئېگىز بويلۇق بۇ ئانا ئەكبەرنى باغرىغا بېسىپ پېشانىسىدىن سۆيدى. ئوغلىنىڭ چىرايىغا تىكىلىپ: «ئورۇقلاپ قالغاندەك تۇرامسەن، قوزام؟ نېمە بولدۇڭ؟ ئاغرىپ قالمىغانسەن-ھە» دەپ پىچىرلىدى. سالام ئانا-بالىنىڭ دىدارلىشىشىغا كۆزلىرىنى ئۈزمەي قاراپ تۇردى. ئانىنىڭ نەملەشكەن كۆزلىرىدىن مۇڭ ۋە مېھرىبانلىق تۆكۈلۈپ تۇراتتى. سالام ئاھۇ ئانىسىنىڭ ياقۇت كۆزلىرىنى يادىغا ئالدى: «نېمىدېگەن ئوخشايدۇ-ھە، بەلكىم مېنىڭ ئانامۇ ئەكبەرنىڭ ئانىسىغا ئوخشايدىغاندۇ، ئېگىز بويى، نۇر چىراي، ئىسسىق قۇچاق... ئۇنىڭ كۆزلىرىدىمۇ مۇڭ ۋە مېھرىبانلىق تۆكۈلۈپ تۇرىدىغاندۇ. ئۇمۇ ئەكبەرنىڭ ئانىسىغا، ئاھۇ ئانامغا ئوخشاش مۇڭلىنىپ قارايدىغاندۇ. ئاھ، مەن ئۇنى قانغۇدەك قۇچاقلىۋالسام-ھە؟ ئۇنىڭ باغرىغا باش قويسام، ئۇنىڭ يۈرەك سوقۇشلىرىنى ئاڭلىسام، ئۇنىڭ يېقىملىق پىچىرلاشلىرى قۇلاق تۈۋىمدە جاراڭلىسا...»

مانا شۇنىڭدىن كېيىن سالام كۆز ئالدىغا ئانىسىنى ئېگىز بويى، نۇر چىراي ھالەتتە كەلتۈرىدىغان بولدى.

قىرىق ياشلاردىن ئاشقان تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى قەمەر خانىم بىر كۈنى دەرستىن كېيىن سالامغا: «داداڭ تالانتلىق مۇزىكانت ئىدى، ئۇنىڭ ئۆمرى چۆلدە ئۆتۈپ كەتتى. چۆل ئۇنىڭ تالانتىنى كۆمۈپ تاشلىدى. ئەمدى سەن ئۇنىڭ ئىزىنى باس. تىرىشىپ ئۆگىنىپ، داداڭ قولدىن بېرىپ قويغان نەرسىلەرنى سەن تاپ. ئۇنى خەلققە، ئەلگە كۆرسەت...» دېدى. قەمەر خانىمنىڭ كۆزلىرىدىنمۇ مۇڭ ۋە مېھرىبانلىق تۆكۈلۈپ تۇراتتى. سالامغا ئۇنىڭ سۆزلىرى خۇددى ئانىسىنىڭ پىچىرلاشلىرىدەك ئاڭلاندى. شۇنىڭدىن كېيىن سالام ئىككى ـ ئۈچ كۈنگىچە ئانىسىنى ئاشۇ سېمىز خانىمنىڭ ھالىتىدە تەسەۋۋۇر قىلىپ يۈردى. ئاشۇ سېمىز، ئىسسىق، يۇمشاق قوچاقلارنى ئانىسىنىڭ قوچاقلىرى سىياقىدا تەسەۋۋۇر قىلىپ باش قويۇشنى ئارزۇ قىلدى.

لېكىن ئېگىز بويلۇق ئانا ئەكبەرنىڭلا ئانىسى، ئەكبەرگىلا خاس ئانا ئىدى. ئۇ سالامغا قاراپ پەقەت مۇڭلۇق كۈلۈمسىرەپلا قويىدى. پاكار، سېمىز خانىم پەقەت ئوقۇتقۇچى ئىدى. ئۇ پەقەت تەربىيىلا بېرەلەيتتى. ھېچقايسىسى سالامنىڭ ئانىسى ئەمەس ئىدى، ئۇلار سالامغا ئانا باغرىنىڭ ئىللىقلىقىنى، ئانا مېھرىبانلىقىنى بېرەلمەيتتى. ئۇنىڭ قۇلاقلىرىغا ئانا پىچىرلاشلىرىنىمۇ ئاڭلىتالمايتتى...

سالام ئانىسىنىڭ كېلىشىنى، ئاتىسى ئېيتقاندەك

ئىسسىق باغرىغا بېسىپ قۇچاقلىشىنى كۈتەتتى. ئۇن يىل كۆرۈشمىگەن ئانا ـ بالا دىدارلىشىدىغان ئۇلۇغ كۈننىڭ يېتىپ كېلىشىنى كۈتەتتى...

سالام پۇتبول مەيدانىنى بويلاپ مېڭىپ، قويۇق مەجنۇنتاللىق ئارىسىدىكى تاش ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى. يانچۇقىدىن ئانىسىنىڭ خېتىنى ئالدى. «ئوقۇپ كۆرەيچۇ، بەلكىم ئانام توغرىسىدا بىرەر نەرسە بىلىپ قالارمەن. دادام نېمىلەرنى يازدىكىن؟» سالام خەتنى ئاچتى. ھەيران بولدى. بىرىنچى بەتنىڭ بېشىدا ئانىسىنىڭ ئىسمىمۇ، خىتاب ـ قاراتمىلارمۇ، ھەتتا «سالام» دېگەن سۆزمۇ يوق ئىدى، خۇددى ماۋزۇسىز يېزىلغان ماقالىغىلا ئوخشايتتى.

«مېنىڭ سىزگە خەت يېزىشقا سالاھىيىتىممۇ، يۈزۈممۇ يوق. سىزنىڭ ئالدىڭىزدا مەڭگۈ پاكلانماس گۇناھكارمەن. لېكىن ئىككىمىزنى باغلاپ تۇرىدىغان، ئىككىمىزگە ئورتاق بولغان بىرلا بالا مېنى مەجبۇرىيەت تۇيغۇسىغا ئېلىپ كەلدى. ئاشۇ بالا توغرىسىدا سىزگە مۇراجىئەت قىلىشقا مەجبۇرمەن. مېنى كەچۈرۈڭ، يۈرەك يارىلىرىڭىزنى ئەسكە سالغانلىقىمنى، ياشارتقانلىقىمنى كەچۈرۈڭ...

مەن گۇناھ ـ سەۋەنلىكلىرىمگە ئۇن يىل تۆۋا قىلدىم. ياق، مېنىڭ تۆۋا قىلىشىم دىنىدارلارنىڭ، دىنغا ئىشىنىدىغان مۇرىتلارنىڭ تۆۋا قىلىشىغا ئوخشىمايدۇ.

مەن گۇناھ كىرلىرى بىلەن بۇلغانغان قەلبىمنى قۇياشنىڭ ئالتۇن نۇرلىرىدا، زۇمرەت سۇ، ئاپئاق سۈت، پاك شامال ۋە كرىستال قۇم دانىچىلىرىدە ئون يىل يۇيۇپ چايقىدىم. مەن پاكلاشتىممۇ؟ قەلبىم، ۋىجدانىم تازىلاندىمۇ؟ ئۆزۈمنى ۋىجدانەن كامالەتكە يەتكۈزدۈممۇ؟ مەن كەچۈرۈمگە سازاۋەر بولالامدىمەن؟

لېكىن مېنىڭ گۇناھىم كەچۈرگۈسىز گۇناھ، ۋىجدانىم ئۆزۈمنى مەڭگۈ كەچۈرمەيدۇ. مەن قەلبىمنى ئون يىل يۇيۇپ چايقىدىم. ئېتىكاپتا ئولتۇرغان زاھىتتەك ئون يىل پاكلىق تىلىدىم، ئۆز ۋىجدانىمدىن ئون يىل كەچۈرۈم تىلىدىم. لېكىن يۇيۇپ چايقىغانسېرى قەلبىمدىكى كىرداغلار خۇددى دەريانىڭ تېگىدىكى خوتەن قاشتېشىدەك يەنىمۇ روشەنلىشىپ چىقتى. ۋىجدانىمدىن ئۇرغۇغان ئەيىبلەش ساداسى يەنىمۇ بەكرەك كۈچەيدى. قەلبىمگە ئازاب سالغۇچى شاۋقۇن قۇلاقلىرىم تۈۋىدىن بىر دەقىقىمۇ يىراقلاشمىدى.

سالام — سىز ئون يىلدىن بېرى بىر قېتىممۇ كۆرمىگەن ئوغلىمىز، بىر مەزگىل شوخلۇق قىلىپ ئاھۇنى ئەمگەندى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ سورىغان بىر سوئالىغا مەن «كىم سۈت بىلەن ئېمىتىپ باقسا شۇ ئانا بولىدۇ. سەن ئاھۇنىڭ ئوغلى بولدۇڭ» دەپ جاۋاب بەرگەن. بۇ، سالام خېلى چوڭ بولغاندىكى ئىش. ئۇنىڭ بۇ گەپكە ئىشىنىپ قېلىشىنى نەدىن بىلەي؟ مانا ئەمدى ئۇ راستتىنلا ئاھۇنى ئانام

دەپ يۇرىدۇ. ئەڭ يالقۇنلۇق مېھىر بىلەن ئاھۇنى قۇچاقلايدۇ، ئاھۇنىڭ باغرىغا باش قويىدۇ. ئاھۇ بىلەن مۇڭداشمىسا، ئاھۇ بىلەن خوشلاشمىسا كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمەيدۇ. ئاھ، بالا قەلبى ئانا باغرىغا، ئانا مېھرىگە نەقەدەر موھتاج؟ ئۇنىڭغا راست بولمىسىمۇ، ئانا كېرەك ئىكەن. غايىبانە بولسىمۇ ئانا كېرەك ئىكەن.

مەن سالامنىڭ كۆزلىرىدىكى ئانا تەشنالىقىنى ھەر قېتىم كۆرگىنىمدە ئۆزۈمنىڭ گۇناھكارلىقىمنى، مەڭگۈ پاكلانماس گۇناھقا دۇچار بولغانلىقىمنى يەنىمۇ بەكرەك چۈشىنىمەن. مەن ئۇنى ئانا مېھرىدىن، ئانا باغرىدىن جۇدا قىلدىم. ئۇنى تىرىك يېتىم قىلدىم، مېنىڭ بۇ گۇناھىمنى ۋىجدانىم كەچۈرەلەمدۇ؟

مەن سالامنى ئانىدەك مېھرىبانلىق بىلەن بېقىپ چوڭ قىلدىم، تەربىيىلىدىم. ئۇنىڭ ئارزۇ ـ تىلەكلىرىنى پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن ئىشقا ئاشۇردۇم. مېنىڭ ئالدىمدا ئۇنىڭ دىلى ئازار يېمىدى، بويىنى قىسىلىپ قالمىدى. لېكىن مەن يەنىلا ئانىسىنىڭ ئورنىنى باسالمىدىم. ئانا مېھرىنى، ئانا ئىسسىقلىقىنى ئۇنىڭغا يەتكۈزەلمىدىم. بالا نەزەرىدە ئاتىنىڭ سالقىن يەلكىسى ئانىنىڭ ئىسسىق قۇچاقلىرىغا يەتمەيدىكەن، ئاتا مېھرى ئانا مېھرى ئالدىدا ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىكەن. ئانىنىڭ ئاچچىقلاپ چېچىلىشلىرى ئاتىنىڭ سۆيۈپ ئەركىلىتىشلىرىدىن تاتلىقراق ئىكەن...

مېنىڭ گۇناھىم كەچۈرگۈسىز گۇناھ، ئۇ قەلبىمدە

مەڭگۈلۈك داغ بولۇپ ئورنىشىپ قالدى. ئۇنى ئۇتمۇ۔ سۇمۇ، شامالمۇ، قار – يامغۇرمۇ يۇيۇپ چىقىرىۋېتەلمەيدۇ. ئوغلۇم مېنى كەچۈرۈشى مۇمكىن. سىزمۇ خۇدادەك كەڭ قورساقلىق بىلەن مېنى كەچۈرۈشىڭىز مۇمكىن. لېكىن ئۆز ۋىژدانىمنىڭ كەچۈرۈمىگە مەڭگۈ نائىل ئەمەسمەن.

مەن سالامنى شەھەرگە ئوقۇشقا ئەۋەتتىم. مەن ئۇ۔ نىڭ ئۆز يېنىمدا كۆلەڭگەمدەك ئەگىشىپ يۈرۈشىگە، ئۇ۔ نىڭ تاتلىق – چۈچۈك سۆزلىرىنى ئاڭلاشقا قەلبىم تەشنا بولۇپ تۇرىدىغان بالا مېھرىنى يەتكۈزۈشكە زار۔ مەن. لېكىن ئۇ ئوقۇمىسا بولمايدۇ. ئۇ بىلمەكچى بولغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى مەندىن، بۇ يەردىن تېپىلمايدۇ. چۆل، قۇم بارخانلىرى، كۆل، بېلىق ۋە چۆمگەك قۇشلار۔ نى بىلىشلا ئۇنىڭغا كۇپايە قىلمايدۇ. ھازىرقى زامان بالىسى چۆل بالىسى بولۇپ قالماسلىقى كېرەك. ئۇ ھا۔ زىرقى زامان شەھەرلىرىنى كۆرۈشى، ھازىرقى زامان تۇر۔ مۇشىغا ماسلىشىشى، ھازىرقى زامان بىلىملىرىنى ئىگىلەپ كەلگۈسىگە تەييارلىنىشى زۆرۈر. ئەڭ مۇھىمى، مەن ئۇ۔ نىڭ ئانىغا بولغان تەشنالىقىنى قاندۇرۇشنى لايىق كۆر۔ دۈم. ئۇ سىزنى كۆرسۇن، ئون يىل تەشنا بولغان ئانا مېھرىگە قانسۇن، تەشنالىقى بېسىلسۇن...

مەن ئۇنىڭغا سىز توغرۇلۇق سۆزلەپ بەردىم. ئەمە۔ دى ئاھۇغا قارىغاندا سىزگە بەكرەك ئىنتىلىدۇ. سىزنى بىر كۆرۈشكەزارلىقى ھېلىتىنلا كۆزلىرىدىنلا مەلۇم. سىز۔

نى بىر كۆرسە، كۆكسىگىزگە بىر قېتىم باش قويسا، ھەـ
قىقىي ئانا مېھرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلىـ
سا، بەلكىم ئۇنىڭ كۆڭلى يەنىمۇ كۆتۈرۈلۈپ قالار. جىمـ
جىغۇر، كەم سۆزلۈكى تۈگەپ، بېشى ئاسمانغا تاقاشقاندەك
بولار. كۆزلىرىدىكى مۇڭ، سېغىنىشنىڭ ئورنىنى بەخت ـ
شادلىق ئۇچقۇنلىرى ئىگىلەر ... ئانا مېھرى بالىنىڭ ئالـ
تۇن تاجى. ئانا باغرى بالىنىڭ شاھانە تەختى ...

مەن سىزنىڭ ئادرېسىڭىزنىمۇ، نېمە ئىش قىلىۋاتـ
قانلىقىڭىزنىمۇ بىلمەيمەن. بۇ ھەقتە سالامغىمۇ ھېچنەرسە
دەپ بېرەلمىدىم. لېكىن كۆڭلۈم سىزنىڭ شەھەردە ئىكەنـ
لىكىڭىزنى سېزىپ تۇرىدۇ، سالامنىڭ شەھەرگە كەلگەنلىـ
كىنى ئاڭلىغان ھامان ئۇنى ئىزدەپ كېلىدىغانلىقىڭىزغا
ئىشىنىمەن. سىز سالامنى ئىزدەپ كەلگەن چېغىڭىزدا ئۇنى
قۇچاقلاڭ، ئۇنىڭغا قۇچاقلىرىڭىزنى كەڭ ئېچىڭ، ئۇ سىزـ
نىڭ قۇچاقلىرىڭىزغا موھتاج ... بۇ، بىر گۇناھكار بەندىـ
نىڭ سىزدىن تۇنجى ۋە ئاخىرقى ئۆتۈنۈشى ...»

خەتنىڭ ئاخىردا ئىمزامۇ، يېزىلغان ۋاقتىمۇ يوق
ئىدى. سالام قەغەزنىڭ كونىلىقىغا، قەغەز قىرلىرىنىڭ
قىرقىلىشقا باشلىغانلىقىغا دىققەت قىلدى. «بەلكىم ئالـ
دىنقى يىلى، ياق، ئۇنىڭدىنمۇ ئىلگىرى يېزىلغان بولسا
كېرەك» دەپ ئويلىدى ئۇ.

سالامنىڭ بوغىزى ئېچىشىپ، نېمىدۇر بىر نەرسە
تۇرۇپ قالغاندەك بولدى. كۆڭلى يېرىم بولدى، خەتنىڭ

ئايرىم بەتلىرىنى يەنە بىر قېتىم ئوقۇپ چىقتى. لېكىن ئانىسى ھەققىدە ھېچنېمە بىلەلمىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئانىسىنىڭ بىچارە سىماسى گەۋدىلەندى. ئېزىلگەن، مۇكچەيگەن گەۋدە، قورۇقلىرى تەرەپكە تارتقان قارامتۇل چىراي ئۆزىگە قاراپ كۇلۇمسىرىگەندەك، ئۆزىدىن نېمىدۇر ئىلتىجا قىلغاندەك بولدى. بىچارە دادام، بىچارە دەردلىك، غەمگۇزار دادام، سەن نېمىشقا ئازابلىنىپ يۇرىدىغانسەن؟! مەن سەندىن رازى، مىڭ مەرتىۋە رازى ...

سالام كۆز چاناقلىرىدىن تېشىپ چىققان ياشنى سۈرتۈپ ئورنىدىن تۇردى. قۇلاقلىرىغا شاۋقۇن - چۇقان ۋاڭىلداپ ئۇرۇلدى. ئۇنىڭ ئەتراپىدا مەكتەپ شادىيانىسى داۋام قىلماقتا ئىدى. ئۇ «دادام، دادام ...» دەپ ئاستا پىچىرلىدى.

## 6

— داداڭنى سېغىندىڭمۇ؟

— سالام يېنىدىلا ئاڭلانغان ئاۋازدىن چۆچۈپ كەتتى. بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىدى. ئۇنىڭ يېنىدا ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى، ھېلىقى پاكار، سېمىز قەمەر خانىم تۇراتتى. خانىم تاش ئورۇندۇققا ئولتۇردى. سالامنىمۇ ئولتۇرغۇزدى.

— ئۆتۈپ كېتىۋاتسام دادام، دادام دەپ پىچىرلاۋېتىپسەن، داداڭنى بەك سېغىنغان ئوخشىمامسەن؟ ئۆزۈڭنى چىڭ تۇت، ئاستا - ئاستا كۆنۈپ قالىسەن، ئەپ-

قاچتى ھېسسىياتلارغا بېرىلسەڭ ئۆگىنىشىڭگە تەسىر يېتىدۇ. ئوغۇل بالا دېگەن ئارتۇقچە نازۇك بولسا بولمايدۇ. يالغۇز يۈرمەي ساۋاقداشلىرىڭنىڭ ئويۇنلىرىغا ئىشتىراك قىل. شۇ چاغدا داداڭ ھەققىدىكى خىياللارنى ئۇنتۇپ كېتىسەن. ئاڭلىسام ئاناڭنىمۇ ئون يىل كۆرمەپسەن، شۇنداقمۇ؟

— خانىم، سۆزلىرى ئانامنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى بىلەملا؟

— بىلمەمدىغان، سەن ئاناڭنى تېخىچە كۆرۈپ باقمىدىڭمۇ؟ مەكتەپكە كەلگەندىن كېيىنمۇ ئاناڭ بىلەن كۆرۈشمىدىڭمۇ؟ — خانىمنىڭ ئاۋازىدىن ھەيرانلىق جاراڭلاپ كەتتى. سالام بېشىنى ئىڭغاڭلاتتى.

— سەن راستىنلا ئاناڭ بىلەن كۆرۈشمىدىڭمۇ؟ ئۇنىڭ ئۆيى مەكتەپنىڭ ئارقىسىدىلا، دۆڭباغ يولىدىكى ئۈچىنچى كوچا ئىككىنچى ئۆي. ئۇ سېنى ئىزدەپ كەلمىدىمۇ؟ مەن سىلەرنى ئاللىقاچان كۆرۈشتى دەپ ئويلاپتىمەن. بىچارە ئاناڭ سېنىڭ بۇ مەكتەپكە ئوقۇشقا كەلگەنلىكىڭنى ئاڭلىماي قالغان چېغى، ئاڭلىغان بولسا ئاللىقاچان ئىزدەپ كېلەتتى. قانات چىقىرىپ ئۇچۇپ كېلەتتى. قايغۇرما، مەن سېنى ئۇنىڭ ئۆيىگە باشلاپ باراي، سىلەرنى كۆرۈشتۈرەي. ئەتە ئەتىگەندىلا باشلاپ باراي. سەن ئەتىگەندىلا بىزنىڭ ئۆيگە كەل. ئەتە يەكشەنبىغۇ، ئۇلار ئۆيدە بولىدۇ. ۋاي خۇدايىم، مەن ئاجايىپ ساۋاپ-

لىق ئىش قىلىدىغان بولدۇم... ۋاي بىچارە فورام، سەن تېخىچە ئاناڭنى كۆرمەپسەن - ھە. ئاناڭنىڭ قانداق ئادەملىكىنى بىلەمسەن؟ ئاناڭ تولىمۇ مۇلايىم ئايال. لېكىن ئۇ بەختسىز چىقىپ قالدى. قايتا ياتلىق بولغاندىن كېيىنمۇ بەختلىك بولالمىدى. دەرد - ھەسرەت ئۇنى ئېزىۋەتتى، بىچارە ئاخىرى يۈرەك كېسىلى بولۇپ قالدى. ۋاي بىچارە، ئۇ سېنىڭ ئۆز يېنىدىلا ئىكەنلىكىڭنى بىلگەن بولسا، قانات ياساپ ئۇچۇپ كەلگەن بولاتتى... سەن ئەتىگەندىلا بىزنىڭ ئۆيگە كەل، بىز ئۇنى ئىزدەپ بارايلى، دىدارىڭنى كۆرسۇن، ۋىسالىڭغا قانسۇن... ۋاي بىچارە قوزام، سەن تېخىچە ئاناڭنى كۆرمەپسەن - ھە...

قەمەر خانىم سالامنىڭ بېشىنى سىلاپ، چاچلىرىنى تۈزەپ قويدى، ئۇنىڭ كۆزلىرىگە ئىچ ئاغرىتىش بىلەن تىكىلدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئانىلىق مۇڭى تۆكۈلۈپ تۇراتتى. ئۇ سالامنى ئەتە ئەتىگەندىلا ئانىسىنىڭ يېنىغا باشلاپ بېرىشقا قايتا - قايتا ۋەدە قىلدى.

سالامنىڭ مېڭىسىگە پەقەت «دۆڭباغ يولى ئۈچىنچى كوچا ئىككىنچى ئۆي» دېگەن بىرلا سۆز ئورنىشىپ قالدى. ئۇ، ئانام، مەن بىر كۆرۈشكە زار بولغان ئانام ئاشۇ ئۆيدە، ئاشۇ ئىككىنچى ئۆيدە... دەپ پىچىرلايتتى.

سالام ئۆزىنىڭ مەكتەپتىن قانداق چىققانلىقىنى سەزمەي قالدى. ئۇ مەكتەپ ئەتراپىدىكى مەھەللە - كوچىلارنى

ئاللىقاچان بىلىنىۋالغانىدى. «ئۇچىنچى كوچا ئىككىنچى
ئۆي» نى ئاسانلا تاپتى. سىرلانمىغان ياغاچ دەرۋازا
يېپىقلىق ئىدى. سالام ئۇن قەدەمچە يىراقلىقتا دەرۋازىغا
تىكىلىپ توختاپ قالدى، نېمىدەپ كىرىمەن؟ ئۇن يىل-
دىن بېرى مېنى كۆرمىگەن، مېنى تونارمۇ؟ بەلكىم تونۇ-
ماس. مەنمۇ تونۇمايمەن. كىمنىڭ ئالدىغا كىرگەنلى-
كىمنىمۇ بىلمەيمەن. مەن سىزنىڭ بالىڭىز بولىمەن
دېسەم، نېمىلەرنى ئويلاپ قالار؟ ياق كىرمىگىنىم تۈزۈك،
مۇشۇ يەردە كۈتۈپ تۇراي. دەرۋازىدىن بىرەر كىم سىرتقا
چىقىپ قېلىشى مۇمكىن. قەمەر خانىم قورامىدىكى ئايال
بولسا، ئاشۇ مېنىڭ ئانام. ئۇنى مۇشۇ يەردە تۇرۇپ كۆ-
رۈۋالاي، يىراقتىن بولسىمۇ كۆرۈۋالاي.

سالام دەرۋازىنىڭ ئۇدۇلىدا، يولنىڭ قارشى تەرى-
پىدىكى ئۈژمە دەرىخىنىڭ ئاستىدا كۈتۈپ تۇردى. كو-
چىدىن ئادەملەر توختاۋسىز ئۆتۈپ تۇراتتى. سالام يول-
دىن بىرەر ئايالنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرگەندە ئاشۇ مېنىڭ
ئاناممىكىن؟ مۇشۇ دەرۋازىغا بۇرۇلارمىكىن، دەپ ئويلايتى-
تى، جامالىنى ئېنىقراق كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن تىكىلەتتى.
لېكىن كېلىۋاتقان ئايال ئىككىنچى دەرۋازىغا بۇرۇلماس-
تىن، ئۇ يەردە توختاپمۇ قويماستىن ئۆتۈپ كېتەتتى.
سالامنىڭ بۇ يەردە قانچە ۋاقىت تۇرۇشى نامەلۇم ئىدى.
بىردىنلا ئۆزىنىڭ باش - ئايىغىغا نەزەر سېلىپ كېلى-
ۋاتقان ئايالنى كۆرگەندە سالامنىڭ يۈرىكى ئىختىيارسىز

دۇپۇلدەپ كەتتى. ئايال خۇددى بۇ يەردە ئوينىۋاتقان كىمنىڭ ئوغلىكىنە؟ دېگەندەك سالامغا تىكىلىپ قاراپ كېلەتتى. سالام كۆزلىرىنى ئۇنىڭدىن ئەپ قاچتى. ئۇ بېشىنى يەردىن كۆتۈرگەندە ئايال سالامنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئاشۇ دەرۋازىغا بۇرۇلغانىدى. تېقىمىغىچە ساڭگىلاپ چۈشكەن ئۇزۇن سۇمبۇل چاچ ئۇنىڭ ئېگىز بويىغا لاتاپەت بېغىشلاپ تۇراتتى. سالامنىڭ يۈرىكى جىغىلداپ كەتتى. ئانام، ئاشۇ مېنىڭ ئانام، دەپ پىچىرلىدى. يۈرىكىدىكى قان مەۋج ئۇردى. ئانا، ئانا! دەپ ۋارقىرىغۇسى، ئۇنىڭ باغرىغا ئۆزىنى ئاتقۇسى كەلدى. لېكىن ئورنىدىن مىدىرلىيالمىدى. ئاۋازىمۇ چىقمىدى. ئاللىقانداق بىر تۇيغۇ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى لال قىلىپ قويغان، يۈرىكىنى، ئىرادىسىنى، جۈرئەت ـ غەيرىتىنى ئېرىتىۋەتكەنىدى. پەقەت ئۇنسىز پىچىرلايتتى: «ئانا، ئانا، مەن سىزنىڭ ئوغلىڭىز، مەن سىزنى ئىزدەپ كەلدىم...»

ئايال دەرۋازىنى ئاچتى. لېكىن تۇيۇقسىز بۇرۇلۇپ سالامغا تىكىلدى. ئۇ گويا سالامنىڭ ئاشۇ ئۈنسىز نىدالىرىنى ئاڭلىغاندەك، ئون يىلدىن بېرى بىر كۆرۈشكە تەشنا بولغان ئوغلىنى ئۆز ئالدىدا ھېس قىلغاندەك، لېكىن ئىشىنەلمەيۋاتقاندەك تەلمۈرۈپ قارايتتى. سالام ئايالنىڭ، ياق ئانىسىنىڭ كۆزلىرىدىكى مۇڭ ۋە مېھرىبانلىقنى ئېنىق كۆردى. كۆردىيۇ، چىداپ تۇرالمىدى. ئۇ ھازىرلا ئانا دەپ ۋارقىرىۋېتىدىغاندەك قىلاتـ



تى. لېكىن نېمىدۇ بىر نەرسە، ئاللىقانداق بىر يوشۇرۇن كۈچ ئۇنى تۇتۇپ قالغاندەك، گاللىرىنى بوغۇۋالغاندەك بولدى. سالام كۆزلىرىنى ئېلىپ قاچتى. گەۋدىسىنى يانغا بۇرىدى، يۈرىكى بولسا جىغىلدايتتى.

سالام بېشىنى قايتا كۆتۈرگەندە ئۇنىڭ ناتونۇش ئانىسى دەرۋازىدىن كىرىپ كەتكەنىدى. سالام دەرۋازىغا چەكسىز تەلمۈرۈش بىلەن تىكىلدى. ئۇنىڭ ئۇزۇندىن بېرى تەشنا بولغان قەلبى بىر يۇتۇم، پەقەت بىر يۇتۇملا زەمزەم ئىچكەنىدى. ئۇ يەنە قانغۇچە ئىچىشكە، يۈرىكى چىلىشىپ، ۋۇجۇدى سەگىپ يايرىغىچە ئىچىشكە تەشنا ئىدى. ئەتە قەمەر خانىم بىللەن بىللە كېلىمەن، شۇ چاغدا، شۇ چاغدا... دەپ ئويلىدى سالام.

سالام قايتتى. ئۈچىنچى كوچىدىن چىقىپ، چوڭ يولغا بۇرۇلىدىغان چاغدا يەنە كەينىگە قارىدى. قارىدىيۇ يۈرىكى جىغىلداپ كەتتى. ئۇنىڭ ناتونۇش ئانىسى دەرۋازا ئالدىدا ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ تۇراتتى. سالامنىڭ كۆزىگە ياش تولۇپ گېلى بوغۇلدى. ئوتتەك بىر هاياجان يۈرىكىنى كۆيدۈرۈپ ئۆتتى. ئۇ چىدىيالمىدى ـ دە، بىردىنلا قەدەملىرىنى تېزلىتىپ يۈگۈرۈپ كەتتى.

قەمەر خانىم سالامنى ئانىسىنىڭ ئۆيىگە باشلاپ كەلگەندە كۈن چۈشكە تىكلەنگەنىدى. ئۇلار چوڭ يولدىن ئۈچىنچى كوچىغا بۇرۇلغاندا، يىغا ـ زارە ئاۋازىنى ئاڭلاپ هەيران بولۇپ توختاپ قېلىشتى. ئىككىنچى ئۆينىڭ

دەرۋازىسىدىن ئاق ياغلىق چەككەن ئاياللار كىرىپ-چىقىشىپ تۇراتتى. قەمەرخانىمنىڭ كۆڭلى نېمىدىندۇر چۆچۈگەندەك بولدى. ئۇلار دەرۋازىنىڭ ئالدىغا كېلىشتى.

— سەن مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇر، مەن نېمىش بولغانلىقىنى بىلىپ چىقاي، يىراققا كەتمە جۇمۇ.

قەمەرخانىم ھويلىغا كىرگەندە ھازا يەنىمۇ ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى. ئاياللار بىر-بىرىگە جور بولۇپ، ئۈن سېلىپ يىغلىشاتتى. قەمەرخان ھازىدار ئاياللار بىلەن بىر-بىرلەپ يۈز يېقىپ كۆرۈشۈپ چىقتى. كىمدۇر بىرى خانىمنىڭ بويىنىدىن قۇچاقلاپ يىغلاپ كەتتى. بۇ يەردە پەقەت سالامنىڭ ئانىسى گۈلنىسالا كۆرۈنمەيتتى. ئۇ ھازىنىڭ گۈلنىسا ئۈچۈن، سالامنىڭ ئاشۇ بەختسىز ئانىسى ئۈچۈن ئېچىلىۋاتقانلىقىنى چۈشەندى. ئۇنىڭ يۈرىكى سۇ بولۇپ ئاقتى. كۆزلىرىدىن تارام - تارام ياش تۆكۈلدى. ئاھ خۇدا، بۇ نېمە ئىش؟ بىچارە نېمىمۇ بولغاندۇ؟ ئەجەلنىڭ رەھىمسىز قولى مۇشۇ بەختسىز ناتىۋانغا سوزۇلغىنى نېمىسى؟ بىر كۈن توختىسا، مۇشۇ يېتىمەك ئوغلىنى بىر كۆرۈۋالغۇچە توختىسا بولماسمىدى، ۋاي بىچارە...

يىغا - زارە سەل بېسىلغاندا، قەمەرخانىم ئاياللارنىڭ سۆزلىرىدىن بىلدىكى، گۈلنىسا تۈنۈگۈن كەچتە ئىشتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، نېمىشقىدۇر غەمكىن بولۇپ قاپتۇ. تاماقمۇ يېمەپتۇ. ئەل ياتقۇ مەھەلگىچە توختىماي ئۇھ تارتىپتۇ. تۈن يېرىم بولغاندا، بىردىن

ئوغلۇم، مېنىڭ جانجىگەر ئوغلۇم، دەپ ۋارقىراپ ئويغىنىپ كېتىپتۇ. بۇ چاغدا ئۇنىڭ چىرايى سۇتتەك ئاقىرىپ كەتكەنىكەن. ئۇ يۈرىكىنى قاماللىغىنىچە ھوشىدىن كېتىپتۇ. ئېرى قوشنىلارنى باشلاپ كىرگەندە، ئۇ ئاغزىدىن كۆپۈك ياندۇرۇپ بىھوش ياتقانىكەن. مىڭ بىر ئاماللارنى قىلىپ ھوشىغا كەلتۈرۈشۈپتۇ. شۇندىن كېيىنمۇ ئۇ ئوغلۇم، ئوغلۇم دېگەندىن باشقا سۆز قىلماپتۇ. شەرق تەرەپ سۈزۈلگەندە جان ئۈزۈپتۇ. ئەڭ ئاخىرقى نەپىسىدىمۇ ئوغلۇم، ئوغلۇم دېگەن سۆزنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەپتۇ...

قەمەرخانىم سالامنى ھويلىغا باشلاپ كىردى. ئۇنى تاۋۇتنىڭ يېنىغا ئەكىلىپ، مەرھۇمنىڭ يۈزىدىكى ئاق ياغلىقنى قىيا قايرىپ، ئۇنىڭ دىدارىنى سالامغا كۆرسەتتى.

— شور پىشانە بالام، ئاناڭ سەن كەلگىچە چىدىماپتۇ. ئۇنىڭ دىدارىنى كۆرۈۋال، نۇرلۇق جامالىنى، ساڭا تەشنا بولغان كۆزلىرىنى ئاخىرقى قېتىم كۆرۈۋال. ئۇ نەپەس ئۈزىدىغان چاغدىمۇ ئوغلۇم، ئوغلۇم دەپ نىدا قىلىپ، سېنىڭ ئىشقىڭدا كۆيۈپ نەپەس ئۈزۈپتۇ. قانغۇچە كۆرۈۋال، ھايات چېغىدا كۆرەلمىگەن ئاناڭنى ئۆلگەندە بولسىمۇ كۆرۈۋال.

سالام مەڭدەپ قالغانىدى. ئانىسىنىڭ جامالىغا كۆز ئۈزمەي قاراپ تۇراتتى. بۇ، ئۇ تۈنۈگۈن كەچتە مۇشۇ دەرۋازىنىڭ ئالدىدا كۆرگەن ئايال، ئۆزىگە قايتا ـ قايتا،

پىنىش - يېپىنىشلاپ قارىغان ئايال ئىدى. سالامنىڭ كۆزلىرىدىن ياش چىقمىدى، يىغلاي دەپمۇ يىغلىيالمىدى. ئۇ پەقەت ئىسسەدەيتتى. كىمدۇر بىرى سالامنىڭ بېلىگە پوتا باغلاپ قويدى. قولىدىن يېتىلەپ تاۋۇتنى ئايلاندۇردى. قەبرىستانلىققا چىقىدىغان يولدا تاۋۇتنىڭ ئالدىدا ماڭدۇردى. سالام يەنىلا مەڭدەپ - گاڭگىراپ تۇراتتى. خۇددى نېمە ئىشلار بولۇۋاتقانلىقىنى چۈشەنمىگەندەك، ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن تاۋۇتنىڭ ئالدىدا مېڭىشى كېرەكلىكىنى بىلەلمەيۋاتقاندەك، بولۇۋاتقان مۇشۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە ئىشىنەلمەيۋاتقاندەك گاڭگىراپ قالغانىدى. كۆز ئالدىغا تۈنۈگۈن دەرۋازىنىڭ ئالدىدا ئۆزىگە يېپىنىش - يېپىنىشلاپ قارىغان سىما كېلىۋالاتتى. «ئاشۇ مېنىڭ ئانام ئىكەن. نېمىشكىمۇ كۆرۈشمىگەن بولغىيتتىم؟ كۆرۈشكەن بولسام ئۇنىڭ ئوغلۇم دېگەن ئاۋازىنى بىر قېتىم ئاڭلىغان بولسام، ئۇنىڭ قۇچاقلىرىغا بىر قېتىم باش قويغان بولسام.» قەبرىستانلىق يولىدا ئۇنىڭ مەڭزىنى بويلاپ بىرىنچى قېتىم ياش تامچىلىرى دومىلىدى.

سالام قەبرىستانلىقتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئانىسىنىڭ ئاشۇ ناتونۇش ئۆيىگە ئىككىنچى قەدەم باسمىدى. ئۇنىڭغا يىراق تۇغقان بولغۇچىلار ۋە ئانىسىغا ئەر بولمىش ھېلىقى ئادەم ئاتايىتەن چاقىرتقاندىمۇ بارمىدى. ئەمدى ئۇ ئۆيدە ئۇنىڭغا قەدىرلىك ھېچنېمە يوق ئىدى. بارغاننىڭ نېمە ئەھمىيىتى؟ ئانىسىز ئون ئۈچ ياشقا كى-

ردىپتۇ. بۇندىن كېيىنمۇ ئانىسىز ياشاۋېرىدۇ. چۆلدە ئاھۇ
ئانىسى بار. ئانا باغرىدەك ئىللىق قۇم بارخانلىرى، ئانا
كۆزلىرىدەك مۆڭلۈك زۇمرەت كۆل، ئانىدىنمۇ مېھرىبان دا-
دىسى بار. قىشلىق كانىكولدا بارىدۇ. ئۆزى كۆرۈشكە
تەشنا بولغان نەرسىلەرنى كۆرىدۇ، قەلبى قانىدۇ. شۇنداق
ئىكەن، ئۆزى بىلەن ھېچقانداق باغلىنىشى بولمىغان،
قەلبىدە ھېچقانداق ئەستىلىك - يادىكارلىق قالمىغان ئۇ
ئۆيگە نېمىشقا بارىدۇ؟ لېكىن سالامنىڭ قەلبىدە نېمىدۇر
بىر نەرسە يالقۇنجاپ، دەرۋازىنىڭ ئالدىدا ئۆزىگە يېنىش-
يېنىشلاپ قارىغان ئاشۇ سىمانى يادىغا سېلىپ تۇراتتى.
ئۇ بىر قانچە قېتىم ئىختىيارسىز ھالدا ئانىسىنىڭ قەب-
رىسىنى يوقلاپ باردى. ئۇنىڭ قەلبى ئاشۇ قەبرىدىن،
ئاشۇ قەبرىگە كۆمۈلۈپ ياتقان بەختسىز ئايالدىن نېمە-
دۇر بىر نەرسە تەلەپ قىلغاندەك بولاتتى. چۈشىنىكسىز
بىر تۇيغۇ ئۇنىڭغا ئاشۇ قەبرىنى يوقلاش مەجبۇرىيىتىنىڭ
بار، دەۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇ قاتۇرۇلمىغان، قۇمساڭغۇ
تۈپىنى دۆۋە قىلىپلا ياساپ قويغان سوغۇق قەبرىگە ئۇ-
زاقتىن - ئۇزاق قاراپ تۇراتتى.

ئۇ ئاخىرقى قېتىم ئاشۇ قەبرىگە ئاتىسىنىڭ خېتى-
نى ئاچىقتى. ئاشۇ ئۇزۇن خەت ئەمدى پۈتۈنلەي
ئەھمىيەتسىز بىر نەرسىگە ئايلانغانىدى. تاپشۇرۇۋالىدى-
غان ئايال يوق، ئاتىنىڭ ئۆزىگە قايتۇرۇپ بېرىشىنىڭمۇ
ھاجىتى يوق ئىدى. سالامنىڭ ھېس قىلىشىچە، ئۇنى تاش-

لىشىۋېتىشكىمۇ، ساقلاشقىمۇ بولمايتتى. ئۇ ئاخىرى خەتنى ئانىسى ياتقان ئاشۇ قەبرىگە كۆمدى. يۇمشاق، سوغۇق توپىنى قولى بىلەن ئازراقلا كولاپ، شۇ يەرگە كۆمۈپ قويدى. ئاندىن كېيىن قەبرىگە قاراپ ئۇزاق ئولتۇردى. «كۆمۈپ قويغىنىم ياخشى بولدى. بۇ ئىگىسىگە تەگدى دېگەن گەپ. ئاخىرەتتە بولسىمۇ كۆرسۇن، دادامنى - ئۆزىنى گۇناھكار ھېسابلايدىغان دادامنى كەچۈرسۇن...» ئۇ قەبرىنىڭ ئالدىدا ئۇزۇنغىچە خىيال سۈرۈپ ئولتۇردى. ئاشۇ سوغۇق توپىدىن ياسالغان قەبرە ئۇنىڭ قەلبىنى ئاستا - ئاستا سوۋۇتۇپ بېرىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى.

ئۇ كەتمەكچى بولۇپ ئورنىدىن تۇرغاندا، يېنىدا بىر ئادەم قەبرىگە دۇئا قىلىپ تۇراتتى. سالام ئۇنى تونۇدى. بۇ ئانىسى دەپنە قىلىنغان ئاشۇ كۈنى تاۋۇتنىڭ ئالدىدا ئۆزى بىلەن قاتارلىشىپ ماڭغان ئادەم ئىدى. ئۇ دۇئاسىنى تۈگىتىپ يۈزلىرىنى سىيپىغاندىن كېيىن سالامغا تىكىلىپ قارىدى. مۇزدەك بىر نۇر سالامنىڭ ۋۇجۇدىنى تېشىپ ئۆتكەندەك بولدى. ھېلىقى ئادەم ئاغزىنى بىر قانچە قېتىم ئۆمەللىدىيۇ، يەنە توختاپ قالدى. ئاخىر ئېغىز ئاچتى:

— ئىسمىڭىز نېمە، بالام؟

— سالام.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! مەن سىزنىڭ ئۆگەي ئوغلۇم ئىكەنلىكىڭىزنى بىلىمەن، ئىسمىڭىزنى بىلىۋالاي دېۋىدىم...

ئۆگەي ئوغلۇم دېگەن سۆز سالامنىڭ قۇلىقىغا شۇنچىلىك سەت ئاڭلاندىكى، خۇددى قۇلاقلىرىغا مۇز بىلەن ئۇرغاندەك پۈتۈن ۋۇجۇدى شۈركىنىپ كەتتى. ئۇ ھېلىقى ئادەمنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرمەيلا كەتمەكچى بولـدىيۇ لېكىن توختاپ قالدى.

— مېنىڭ ئىسمىم سالام، مەن سالام بېرىۋاتقىنىم يوق، مەن ھېچكىمنىڭمۇ ئۆگەي بالىسى ئەمەس...

سالامنىڭ ئاۋازى قەھرى بىلەن بوغۇلۇپ چىقتى. ئۇ ئۆزىنىڭ نېمىگە غەزەپلەنگەنلىكىنى، نېمىگە شۇنچىۋالا تېرىككەنلىكىنى بىلەلمىدى. ئۇنىڭغا ھېلىقى ئادەم ۋە ئۇنىڭ ئاشۇ يارىماس سۆزى قانچىلىك نەپرەتلىك تۇيۇلغان بولسا، ئانىسىنىڭ قەبرىسىمۇ شۇنچىلىك سوغۇق تۇيـۇلدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى مۇزدەك، سوغۇق ھېسسىيات قاپلىغانىدى. ئۇ بۈرۈلۈپلا كېتىپ قالدى.

سالام شۇندىن كېيىن ئانىسىنىڭ قەبرىسىگە زادىلا چىقمىدى. ئۇنىڭغا شەھەر، ۋاراڭ - چۇرۇڭلۇق رەستىلـەر، ھاشار چۇمۇلىسىدەك ئۇزۇلمەي ئۆتۈپ تۇرىدىغان ئـادەملەر... ھەممىسى سوغۇق تۇيۇلاتتى. ئۇ تېخىمـۇ مۇڭلىنىپ جىمغۇر لىشىپ كەتتى. دەرسنى ئاڭلايتتى، خاتىرە قالدۇراتتى، كىتاب ئوقۇيتتى. دەرسكە، كىتابقا شۇنچىلىك چاپلىشاتتىكى، خۇددى بىر مىنۇت ئاشۇلاردىن باش كۆتۈرسە، مۇدھىش بىر تۇيغۇ ئۇچۇپ كېلىپ يۈرەكلىرىگە قامال سالىدىغاندەك تۇيۇلاتتى. بەزىدە مەجنۇنتال سايىسىدىكى تاش

ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ خىيال سۈرەتتى. كۆز ئالدىدا زۇمرەت كۆل، كۆل سۈيى ئىچىدە ئاستا ـ ئاستا قارىيىپ ئېرىپ كېتىۋاتقان كەچكى شەپەق جىلۋە قىلاتتى، ئىسكىرىپكىنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازى، ئاھۇ ئانىنىڭ پۇشقۇرغىنى ئاڭلانغاندەك بولاتتى.

7

ئاپتوبۇس ئىشىكىدىكى پەلەمپەيدىن سەكرىگەن سالام ئاتىنىڭ قۇچىقىغا موككىدە چۈشتى. ئاتا ئۇنى ئىككى چۆگىلىتىپ يەرگە قويدى، يەنە قۇچاقلاپ باغرىغا مەھكەم باستى. كەينىگە ئۈچ قەدەم داجىپ ئوغلىنىڭ باش ـ ئايىغىغا مېھرى بىلەن نەزەر سالدى.

— ئوھوي، چوپچوڭ يىگىت بولۇپ كېتىپسەن، مەن بىلەن تەڭلىشەي دەپ قاپسەن...

ئاتا ھاياجانلانغانىدى. سالام بولسا كۈلۈمسىرەپلا تۇراتتى. كالتە قونچلۇق ئۆتۈك، قايرىما ياقىلىق كالتە جۇۋا، سېرىق قولاقچا كىيگەن سالام ھەقىقەتەنمۇ چوڭ ئادەمدەك تۇيۇلاتتى. بوينىدىكى چاقماق يوللۇق شارپىسى ئۇنىڭغا كىچىك مۆتىۋەرلەرچە سالاپەت بېغىشلاپ تۇراتتى. ئاتا ئوغلىدىن كۆزلىرىنى ئۈزەلمەي قالدى.

— قانداق؟ ئوغلۇڭ ئۇچلىشىپ كېتىپتۇمۇ، پىخـ

سىق؟ پۇلنى قانچە كۆپ بەرسەڭ شۇنچە نوچى ياساپ قو-
يىمىز، چىدالامسەن؟ بۈگۈنمۇ دېسەم - دېمىسەم ئاران
ئىككى تال بېلىق ئەكەلدىڭغۇ دەيمەن...

ئاتا شوپۇر بىلەن كۆرۈشتى.

— ياق، بۈگۈن ساڭا بېلىق يوق، ئۇنىڭدىنمۇ
ياخشىراقىنى ئەكەلدىم، — ئاتا سومكىسىدىن ئىككى ياۋا
ئۆردەكنى ئالدى، — ئاخشام ئاتقانىدىم، يارامدۇ؟ ئوغ-
لۇمنى ھەر ھەپتىدە ئەكەلسەڭ، ھەر ھەپتىدە بىر
قېتىم مۇشۇنىڭغا ئېرىشىسەن ...

— كېيىن چىدىماي قالارسەنمىكىن؟ سېنى ئوبدان
بىلىمەن. بېلىققا چىدىمىغان ئادەم ئۆردەككە چىدارسەن-
مۇ؟ — ئۇلار قاقاقلاپ كۈلۈشتى.

كۆل بويىغا قايتىشتا ئاتا ئوڭ قولى بىلەن سالام-
نىڭ دولىسىدىن قۇچاقلاپ ماڭدى. سالام بولسا كۈلۈم-
سىرىگەن ھالدا يىراق - يىراقلارغا نەزەر سالاتتى. ئۇ-
نىڭ كۆز ئالدىدا ئۇ بەش ئايدىن بېرى زارىقىپ سېغىن-
غان، بىر كۆرۈشكە تەشنا بولغان ئانا چۆل يېيىلىپ يا-
تاتتى. قومۇش باسقان دۆڭلەر، قىزىل يۇلغۇن ۋە قوڭ-
غۇراق تىكەنلىك چاتقاللار، دۆڭنىڭ چوققىسىغا قونۇۋې-
لىپ قاقىلداۋاتقان ئالا قاغا ... ھەممىسى ئۇنىڭغا تو-
نۇش ئىدى. بىر تۈپ يۇلغۇننىڭ تۈۋىدە توپا رەڭلىك
ياۋا توشقان قۇلاقلىرىنى لىكىلدىتىپ ئولتۇراتتى. ئۇ
سالامغا تىكىلىپ قارىدى. قۇلاقلىرىنى لىكىلدىتىپ قوي-

دى. ئۇ گويا ئاشۇ قىلىقلىرى بىلەن سالامنى قارشى ئې‑
لىۋاتقاندەك قىلاتتى.

ئاخىرقى بىر دۆڭنىڭ بۇرۇلۇشىدىن چىققاندا سالامنىڭ كۆزلىرى چاقناپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا زۇمرەت كۆل يېيىلىپ ياتاتتى. ياق، بىر پارچە غايەت چوڭ ئەينەك ئۆزىدە زۇمرەت ئاسماننىڭ جامالىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ ياتاتتى. سالامنىڭ بۇرنىغا كۆلنىڭ تونۇش ھىدى ئۇرۇلدى، نەم، ساپ ۋە سوغۇق ھاۋادىن يۈرىكى يايراپ كەتتى. ئۇ ئاتىسىنىڭ قۇچىقىدىن چىقتى ــ دە، دامبىدىن يۈگۈرۈپ كۆلگە چۈشۈپ، مۇز ئۈستىدە تېيىلىپ قىيغىت‑
تى. مۇز ئۈستىدە يېتىپ يۈرىكىنى ئۇنىڭغا ياقتى، دومى‑
لاپ ئاسمانغا، قۇياشقا قاراپ يېتىپ قالدى...

ئاتىغا ئۇنىڭ ھاياجان بىلەن نەپەس ئېلىشلىرى، كۆكرىكىنىڭ كۆتۈرۈلۈپ ــ پەسىيىشلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتت‑
تى. سېغىنىپسەن ــ دە، قوزام، چۆلنىمۇ، كۆلنىمۇ سېغىنىپ‑
سەن. قانغىچە كۆرۈۋال، مەھكەم قۇچاقلا، ئۇلارمۇ سېنى سېغىنغان. شوق كۆلكەڭنى، ئوغلاقتەك قىيغىتىپ ئويناشلى‑
رىڭنى سېغىنغان، مەھكەم قۇچاقلا...

سالام قورۇلغان بېلىقنى ھۇزۇرلىنىپ يېدى. ئاتا ئۇنىڭ تاماقلىنىشىغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ ئولتۇراتتى. ئۇ سالامنىڭ بېلىققا ئامراقلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا تۈنۈگۈنلا مۇز ئۈستىدىن كاچكول ئېچىپ سوغۇقتا دۈگدىيىپ ئولتۇ‑
رۇپ بېلىق تۇتۇپ قويغان. مانا ئەمدى ئوغلى ئاشۇ بې‑

لىقنى ھۇزۇرلىنىپ يېمەكتە. ئاتىنىڭ قەلبى بولسا، مېھرىبانلىقنىڭ چېرىغىنى ياندۇرۇپ ئوغلىنىڭ جامالىغا نۇر چۈشۈرمەكتە. ۋىسال — بەش ئايدىن كېيىنكى دىدارلىشىش تولىمۇ تىنچ، سوئال - سوراقسىز ئۆتۈپ باراتتى. ئاپتوبۇسنىڭ يېنىدا بولۇپ ئۆتكەن گەپلەردىن كېيىن ئاتىمۇ، بالىمۇ لەۋ يېرىپ بىر نېمە دېمىدى. ئۇلار گويا ئۈن - تىنسىز ھالەتتە بەش ئايلىق سېغىنىشتىن كېيىنكى ۋىسالنىڭ ھۇزۇرىنى سۈرۈۋاتقاندەك، مۇشۇ ۋىسال دەقىقىلىرىگە باشقا نەرسىلەرنى ئارىلاشتۇرۇشنى خالىمايۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. بۈيۈك چۆلنىڭ سۈكۈناتى ھۆكۈم سۈرەتتى. ئاخىر ئوغۇل ئېغىز ئاچتى:

— ئانام ھېلىمۇ كېلىپ تۇرامدۇ؟

ئاتىنىڭ ۋۇجۇدى ئىسسىق ئۆيدىن چىقىپ شىۋىرغانغا دۈچ كەلگەندەك شۈركىنىپ كەتتى. لېكىن دەرھال ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى.

— ياق، ئۇزۇندىن بېرى كەلمىدى. سەن كەتكەن دەسلەپكى چاغلاردا دائىم كېلەتتى. كېچىنى كۆل بويىدا ئۆتكۈزەتتى. كېيىن كەلمەيدىغان بولدى. قىش كۈنلىرى ئۇسساپ تەشنا بولۇپ كەتمەيدۇ، شۇڭا كەلمىدىكىن دەيمەن.

«يەنە ئانا دېگىنى نېمىسى؟ ئانىسىنى كۆردىمىكىنە؟ بىچارە قوزام. ئاناڭ ساڭا ئاھۇدەك يىللىقلىق بېرەلمىدىمۇ؟ ئاناڭنىڭ يېنىدا تۇرۇپ يەنىلا ئاھۇنى سېغىندىڭمۇ؟»

— چۈجىلىرىم بارمۇ؟

— چۈجىلىرىڭ ئامان، ھەر كۈنى كەچتە قايتىپ كېلىدۇ.

سالام سوئال سوراشتىن توختىدى. ئۆي ئىچىنى يەنە سۈكۈنات باستى. سالام بېشىنى بۇراپ دېرىزىدىن سىرتقا قارىدى. غەربىي ئۇپۇقتا قۇياش قىزىللىقى جىلۋە قىلاتتى. ئۇ گويا لاۋۇلداپ يېنىۋاتقان، يىراقلارنى يورۇتقان گۈلخانغا ئوخشايتتى. سالام ئۆيدىن چىقتى. دامبىنىڭ ئۈستىدە توختاپ زۇمرەت كۆلنىڭ غەربىي تەرىپىگە نەزەر تاشلىدى. كۆلدىكى زەڭگەر رەڭلىك مۇزنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇۋاتقان قۇياشقا قاراپ تۇردى. شەپەق قىزىلدىن سۈت رەڭگە، سۈت رەڭدىن كۈل رەڭگە ئۆزگەردى.

سالام بەش ئايدىن بېرى مانا شۇلارنى سېغىنغان، كەچكى شەپەقنىڭ كۆل ئىچىدە غايىب بولۇشىنى، گۈلخاندەك قىزىرىدىغان ئۇپۇقنى، كۆلدىكى چۆمگەك قۇشلارنىڭ غاقىلدىغان ئاۋازىنى سېغىنغانىدى. ئۇ يەنە قۇياشنىڭ تاڭ سەھەردە ئۇپۇقتىن كۆتۈرۈلۈشىنىمۇ سېغىنغانىدى. قانداق ئاجايىپ مەنزىرە ـ ھە، غايەت چوڭ ئوتلۇق شار قۇم بارخانلىرىنىڭ كەينىدىن ئۇلۇغۋارلىق بىلەن ئاستا ـ ئاستا كۆتۈرۈلۈپ چىقىدۇ. يېرىم شار ھالىتىدىن پۈتۈن شار ھالىتىگە تولىدۇ. قۇياش كۆتۈرۈلۈۋاتقان ئاشۇ سەھەردە قۇلاقلىرىڭ ھەيۋەتلىك، سەلتەنەتلىك، ئۇلۇغۋار بىر سىمفونىيىنى ئاڭلىغاندەك بولىدۇ.

بۇ قۇياش كۆتۈرۈلۈشكە تەڭكەش بولۇۋاتقان ھايات كۈيى ئەمەسمىكىن، دەپ ئويلايسەن. راست، ئۇلۇغ، مەڭگۈ داۋاملىشىدىغان، ئەبەدىي ئۈزۈلمەيدىغان ھايات كۈيىلا ئاشۇنداق ئۇلۇغۋارلىقنى ئەكس ئەتتۈرەلەيدۇ. قۇياش يېڭى كۆتۈرۈلگەندە ئۇلۇغ چۆل رەڭگا - رەڭ نۇرلار بىلەن تولىدۇ. قۇم دانىچىلىرى ئەينەك پارچىسىدەك يالتىراپ، ساناقسىز كۈمۈش نەيزىلەرنى ئاسمانغا قايتۇرىدۇ ... سالام مۇشۇلارنىڭ ھەممىسىنى — شامال چىققاندا ئىسقىرتىپ چاۋاك چالىدىغان قۇرۇق قومۇشلارنى، زۇمرەت كۆلنى. ئەينەكتەك سۈزۈك مۇزنى سېغىنغانىدى. بۇ يەردىكى سىرلىق گۈزەللىك بەش ئاي داۋامىدا ئۇنىڭ ئېسىدىن زادىلا كۆتۈرۈلمىدى. ئادەم دېگەن ئاجايىپ مەخلۇق. ئۇ ئۆزى ياشاۋاتقان مۇھىتنى، ئۇنىڭ گۈزەللىكىنى، ئۇنىڭ ئاشۇ سېھرىي كۈچىنى ئۇنىڭ قوينىدىكى چاغدا ئانچە چۈشەنمەيدۇ، ھېس قىلمايدۇ، سەزمەيدۇ. ئاشۇ مۇھىتتىن ئايرىلغاندا، ئۇنىڭدىن يىراقتا كەتكەندە بولسا، ئۇنى سېغىنىپ ئەسلەيدۇ. ئۇنىڭ گۈزەللىكىنى، ئۇنىڭ سىرلىق مەپتۇن قىلىش كۈچىنى ھېس قىلىدۇ. سالام كۆلدىن ئايرىلغان بەش ئاي جەريانىدا مۇشۇ سۈكۈناتلىق چۆلنى شەھەرنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭلىرى بىلەن، زۇمرەت كۆلنى چاڭ - توزانلىق كوچىلار بىلەن، ئېگىز قۇم بارخانلىرىنى ھەيۋەتلىك بىنالار بىلەن، كۆلنىڭ نەمخۇش ھاۋاسىنى شەھەر ئاسمىنىدىكى ئىس - تۈتەكلەر

بىلەن سىلىشتۇردى. كوچا قىرغاقلىرىدىكى، باغچە - پار-
ىكلاردىكى، مەكتەپ ھويلىسىدىكى گۈل - چىمەنلەرنى
كۆل قىرغىقىدىكى قومۇشلار بىلەن، قومۇش پۆپۈكى بى-
لەن، يىكەن - مىسسلىقلاردىكى توزغاق توزۇندىلىرى بى-
لەن سىلىشتۇردى. ھەر قىتىم مەكتەپ ھويلىسىدىكى گۈل-
زارغا نەزەر سالغىنىدا كۆل بويىدىكى ئاشۇ قومۇشلۇق،
يىكەنلىك ئۇنىڭ ئېسىگە كېلەتتى. ئاشۇ قومۇش، يىكەن-
لەر سىرلىق بىر خىل گۈزەللىكى بىلەن ئۇنىڭ كۆز ئال-
دىدا نامايان بولاتتى. راست، بۇ قومۇش، يىكەنلەرگە
تۇرخۇنلاردىن پۇركىلىپ چىققان قارا ئىس، ئادەملەرنىڭ
ئايىغىدىن ۋە ماشىنىلارنىڭ چاقىدىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ -
توزان يېپىشمىغانىدى. قومۇشنىڭ قاناتلىرى يېشىل ۋە
ساپ ئىدى. يىللىق شامال كۆتۈرۈلگەندە قومۇش پۆپۈ-
كىدىن ئاجرىغان ئاپئاق ۋە يېنىك چېچەك خۇددى توي
چاچقۇسىدەك كۆل ئۈستىدە ئۇچاتتى. ئۇنىڭ ئاپئاق، يې-
نىك نازۇكلۇقىغا ئادەمنىڭ ھەۋىسى كېلەتتى.
ئۇچۇپ - لەيلەپ زۇمرەتتەك يېشىل سۇغا قون-
غاندا خۇددى كۆك ئاسماندىكى يۇلتۇزلارغىلا ئوخشاپ
قالاتتى. سالام ھەر قىتىم قومۇش پۆپۈكىدىن ئاجرىغان
ئاشۇ نازۇك چېچەكنى، توزغاق توزۇندىلىرىنى يادىغا ئال-
غاندا تەبىئەتنىڭ پاكلىقىنى، ساپلىقىنى، نازۇكلۇقىنى
چۈشەنگەندەك بولاتتى...

سالام ئۆزىگە ئاشۇ قىتىم، پەقەت بىر قىتىملا

يېنىش - يېنىشلاپ قارىغان ئانىسىنى ئاھۇ بىلەنمۇ سې-
لىشتۇردى. ئاھۇنىڭ ياقۇت كۆزلىرىنى ئۆزىگە يېنىش -
يېنىشلاپ قارىغان قوي كۆزلەر بىلەنمۇ سېلىشتۇردى.
ھەر ئىككىلىسىدە مۇڭ، مېھرىبانلىق بار ئىدى. مۇڭلۇق
باقاتتى، مېھرىبانلىق چېچىلاتتى. لېكىن ئۇنىڭغا پەقەت
بىر قېتىملا يېنىش - يېنىشلاپ قارىغان ھېلىقى كۆزلەر
مەڭگۈلۈك يۇمۇلدى. سالامنىڭ ئېسىدە پەقەت ئۇنىڭدىن
چاقنىغان مۇڭلا قالدى. خوتەن ئاھۇسىنىڭ كۆزلىرىدىكى
مۇڭ، مېھرىبانلىق ۋە ئۇنىڭ ئىسسىق باغرى بولسا، ئۇ-
نىڭ بىلەن دائىم بىللە ئىدى. ئۇ ئاشۇ ئوتلۇق كۆز-
لەرنىڭ، ئاشۇ ئىسسىق قۇچاقلارنىڭ دائىم ئۆزى بىلەن
بىللە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلاتتى. ئۇ ئۇنىڭ روھىدا،
قەلبىدە، خىيالىدا ئۇنىڭ بىلەن دائىم بىللە ياشايتتى.
ئانا سۆزىنى ئەسلىگىنىدە ئاشۇ گۈزەل خوتەن ئاھۇسىنىڭ
سىماسى كۆز ئالدىدا نامايان بولاتتى، ئۆي ئۇقۇمىنى
يادىغا ئالغاندا ئاشۇ چۆلنى، كۆل بويىنى، دامبىنىڭ
ئۈستىگە، قۇم بارخىنىغا تاقاپ سېلىنغان ئىككى ئېغىزلىق
يالغۇز ئۆينى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى، بىر قېتىم ساۋاق-
داشلىرىدىن بىرى سالامدىن، سەن قەيەرلىك، دەپ سو-
راپ قالدى. سالام نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قالدى. ئار-
قىدىن مەن مۇشۇ شەھەردە تۇغۇلغان، دادام سۇ ئامبىر-
دا قاراۋۇللۇق قىلىدۇ، دەپ جاۋاب بەردى. شۇنداق جا-
ۋاب بېرىشنىغۇ بەردى، لېكىن كۆڭلى غەش بولۇپ قال-

دى. ئۆزىنى نېمىنىدۇر يوشۇرغانىدەك، ئاللىقانداق بىر
بولمىغۇر سەۋەب بىلەن يالغان سۆزلىگەنىدەك ھېس قىلدى.
ئۇنىڭ شەھەردە تۇغۇلغىنى راست، لېكىن تۇغۇلغىنى ئۇ-
چۇنلا شەھەرلىكمەن دېيىشكە ھەقلىقمۇ؟ ئۇنىڭ ئۆسۈپ-
چوڭىيىشىغا، ئۇنىڭ خاتىرە-ئەسلىمىلىرىگە مۇشۇ شە-
ھەرنىڭ قانچىلىك ئەجرى سىڭدى؟ قانچىلىك تامغىسى
بېسىلدى؟شۇ كۈنى ئۇ مەن زادى قەيەرلىك دېگەن مەس-
لىنى ئۇزۇنغىچە ئويلىدى. مەن چۆللۈك، چۆل ئاشۇ بىپا-
يان تەكلىماكان مېنىڭ يۇرتۇم، ئۇ يەردە مېنىڭ دادام،
ئاھۇ ئانام بار، مەن چۆل ئوغلى، ئۇ ئاخىرى ماناشۇ جاۋاب-
نى تاپتى. راست، ئۇ چۆل ئوغلى، ئۇنىڭ خاتىرە-ئەس-
لىمىلىرىمۇ، سېغىنىش-ئىنتىلىشلىرىمۇ ئاشۇ چۆلگە باغ-
لانغان. ئۇنىڭ ھەممە نېمىسى، ئۇنىڭغا قەدىرلىك بولغان
ھەممە نەرسە ئاشۇ چۆلدە، گۈزەل، ساپ ھاۋالىق، پاك
چۆلدە تۇرسا، ئۇ نېمىشقىمۇ ئۆزىنى چۆل ئوغلى دېيەلمە-
سۇن ؟! بۇنىڭ يوشۇرىدىغان، نومۇس قىلىدىغان قەيىرى
بار؟

ئىككىنچى كۈنى سالام ھېلىقى ساۋاقدىشىغا
مەن شەھەرلىكمۇ، يېزىلىقمۇ ئەمەس، مەن تەكلىماكانلىق،
مەن چۆللۈك، دېدى. ساۋاقدىشى سالامنىڭ نېمىشقا مۇن-
داق دەيدىغانلىقىغا ھەيران قالدى. كۆزلىرىنى چوڭ ئې-
چىپ، نېمىنىدۇر چۈشەنمەكچى بولغانىدەك سالامنىڭ چىرا-
يىغا تىكىلدى. بىردىن تۇنۇگۈنكى سوئاللىنى ۋە بۇلتۇر

يېتىم خوۋانى، ئەمدى چىقتى زوۋانى، دېگەن تەمسىلنى يادىغا ئېلىپ كۈلۈپ كەتتى. قۇياش كۆلنىڭ ئىچىدە غايىپ بولدى، كۆلنىڭ زۇمرەت مۇزلىرى كەچكى شەپەقنى يۇتۇپ كەتتى. سالام دامبىنىڭ ئۈستىدە ئاشۇ قارا لىباسقا پۈركۈنىۋالغان مۇز ئۈستىگە تىكىلىپ تۇراتتى. مەكتەپتىكى چاغدا يادىدىن كەچكەنلىرى مۇشۇ بىر قانچە مىنۇت ئىچىدە ئۇنىڭ قەلبىدە يەنە قايتىدىن ئەكس ئەتتى. ئۇ چۆلنى، كۆلنى، كۆل ئىچىدە پېتىپ كېتىدىغان كەچكى شەپەقنى سېغىنغانىدى، مانا ئەمدى ئۇلارنى يەنە كۆردى. قەلبىدە بىر خىل مەمنۇنلۇق تۇيغۇسى قانات يايدى.

— خوش شەپەق، ئەتە كۆرۈشكىچە خوش...

كۆل ئۈستىدە ئىسكىرىپكىنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازى ياڭرىدى. سوغۇق بولۇشىغا قارىماي ئاتا ئىسكىرىپكىنى كۆتۈرۈپ ئۆينىڭ ئالدىغا چىقىپ چېلىشقا باشلىغانىدى. ئۇ ئوغلىغا بەش ئاي بۇرۇنقى كۈنلەرنى ئەسلەتمەكچىمۇ؟ ئۇنىڭغا ئاشۇ كۈنلەرنى ئۇنتۇماسلىقنى ئەسكەرتمەكچىمۇ؟ ياق، ئاتا ئاۋارە بولما. چۆل ئوغلى بۇلارنى ئۇنتۇمىدى. مەڭگۈ ئۇنتۇمايدۇ.

سالامنىڭ چۈجىلىرى شامال چىقىرىپ ئۇچۇپ كەلدى. ئۇنىڭ يېنىغىلا قوندى. يۇمىلاق كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكىپ، يېتىرقىغاندەك غاقىلداشتى. سالام ئۇلارغا يېقىنلاشتى. ئاق قۇلار قاچتى. ئۇلار سالامنى ئۇنتۇپ كەتكەنىدى.

ياٴت بىر يىگىتنىڭ ئۆزلىرىگە يېقىنلىشىۋاتقانلىقىدىن ھوشيارلىنىپ ئۆزلىرىنى دالدىغا ئېلىشقا تەييار تۇراتتى. «چۈجىلىرىم، مېنى ئۇنتۇدۇڭلارمۇ؟ شۇنچە تېز – ھە؟! مەن سىلەرنى بىر سىنۇتمۇ ئېسىمدىن چىقارمىدىم، قېنى كېلىڭلار، بىز كۆرۈشەيلى، بىز كۆرۈشۈۋالايلى ...»

ئاق قۇلار يېقىن كېلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئۇلار ئۆرە تۇرۇپ ئىسكىرىپكا چېلىۋاتقان ئاتىغا قاراپ غاقىلدايتتى. ئۇنىڭدىن نېمىدۇر بىر نەرسە تەلەپ قىلىۋاتقاندەك تەلمۈرەتتى. سالام چۈشەندى، سۇپىنىڭ بۇرجىكىدىكى خالتىدىن قوناق ئېلىپ ئۇلارغا تەڭلىدى. ئۇلار يەنىلا يېقىن كېلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. سالام قوناقنى يەرگە چېچىپ بەردى. ئاق قۇلار توپا – تۇمان بىلەن قوشۇپ تېرىپ يېيىشكە باشلىدى.

— بىرەر – ئىككى كۈن ئۆتسۇن، سېنى يەنە تونۇپ قالىدۇ، شۇ چاغدا ...

ئاتىنىڭ سۆزى تۈگىمەيلا ئاق قۇلار سالامغا يېقىنلىشىپ كەلدى. ئۇلار دانلىرىنى يەپ بولغانىدى. سالامغا قاراپ توختىماي غاقىلدايتتى. سالام ئەمدى قوناق دانلىرىنى يەرگە چاچماي ئالىقىنىدا تۇتۇپ بەردى. يېقىن كەلگەن، يېتىرقىشى تۈگىگەن ئامراقلىرىنىڭ بوينىدىن قۇچاقلاپ قويدى. ئۇيگە كىرىپ شېكەر سۇيى كۆرۈشكىسىنى ئاچىقىپ ئاق قۇلارنىڭ ئالدىغا قويدى. ئاق قۇلار توختىماي غاقىلدىشاتتى ...

سالامنىڭ كۆزلىرى ئەمدى تونۇش قومۇشلۇقنىڭ ئىچىگە تىكىلگەنىدى. ئۇ ئاشۇ يەردە ئانىسىنى، بەش ئايدىن بېرى سېغىنغان ئانىسىنى كۆرۈشنى خالايتتى. نەقەدەر تونۇش،نەقەدەر قەدىناس جاي ــ ھە ؟!سالام ئەنە شۇ جايدا ئانىسىنىڭ ئىسسىق باغرىغا قانچە ــ قانچە قېتىملاپ باغرىنى ياققان، ئانىسى بىلەن قانچە ــ قانچە قېتىملاپ ئۈنسىز مۇڭداشقان. ئانا باغرىنىڭ، ئانا مېھرىنىڭ يىلىلىقلىقىنى ھېس قىلمىغانمۇ؟ ئەمدى مانا ئىسكىرىپكىنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازى ئىچىدە قۇرۇق قومۇشلۇق يېپىنىكىنە شىلدىرلاپ تۇرۇپتۇ. ئانا ئۇ يەردە يوق. ئۇ خېلى ئۇزۇندىن بېرى بۇ يەرگە كەلمىگەنىمىش. تۆت ــ بەش يىل ۋىساللاشقان قەدىناس جايىنى ئۇنتۇپ كەتكەنمىدۇ؟ ئوغلىنى، ئانا مېھرىگە تەشنا ئوغلىنى ئۇنتۇپ كەتكەنمىدۇ؟ ئانا! ئانا! سەن قەيەردە؟ ئوغلۇڭ قايتىپ كەلدى. ئوغلۇڭ سېنى يوقلاپ كەلدى.

ئىسكىرىپكىنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازى ئىندا قىلاتتى. ئانا! ئانا! ئوغلۇڭنى ئىسسىق باغرىڭغا ئال، ئۇ ئانا مېھرىگە قانسۇن، ئۇ ساڭا قانسۇن. قۇچاقلىرىڭنى ئاچ، جان ئانا، سەن قەيەردە؟

— سالام، قارا، بارخانغا قارا...

سالام ئۆينىڭ ئارقىسىدىكى قۇم بارخىنىنىڭ ئۈستىگە قارىغىنىدا يۈرىكى شادلىقتىن دۈپۈلدەپ كەتتى. تېخى بارخاندىن كۆتۈرۈلۈپ چىقمىغان يېڭى ئاينىڭ سۈزۈك

نۇرى چۆل گـۈزىلىنى يـورۇتۇپ تـۇراتتى. ئاھۇ بەئەينى بارخان ئۈستىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇلغان نۇرانە ھەيكەلـگە ئوخشايتتى (ئۇنىڭ ئوغلاقلىرى سالام شەھەردىكى مەكـتەپكە كېتىشتىن ئىلگىرىلا يـوقالغانىدى). ئۇ بوش پۆشـقۇرۇپ قويدى.

— ئانا! مېنىڭ ئانام! سالامنىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى. ئۇ قۇچاقلىرىنى كېرىپ قۇم بارخىنىغا يـاماشتى. ئاھۇ ئانا كۆزلىرىدىن ئـوت ياندۇرۇپ تىسپتىنچ قـاراپ تۇراتتى. ئۇ ئۈركۈمىدى. گويا ئۇزۇندىن بېرى مۇشۇ دەقىـقىنىڭ يېتىپ كېلىشىنى كۈتۈۋاتقاندەك قاراپ تـۇراتتى. سالام ئۇنىڭ بوينىدىن قۇچاقلىدى. مەڭزىگە مەڭزىنى ياقتى. ياـقۇتتەك نۇرلىنىپ تـۇرغان كـۆزلىرىگە تـويماي قارىدى. ياقۇت كۆزلەرمۇ ئۇنىڭغا تويماي قارايتتى.

ئـاھ پەلەك. مانا ئـەمدى ھىجران پـەيتى مـەڭگۈ ئاخىرلاشقاندەك تۇرىدۇ. ئاپئاق قوزام، قـوي كـۆزلۈكۈم، يۈرىكىمنىڭ پارىسى، مـېنى قۇچاقلا، يەنىمۇ مـەھكەمرەك قۇچاقلا، ئىسسىق تىنىقلىرىڭنى، تومۇرلىرىڭدا ئوخچۇۋاتـقان قانلىرىڭنىڭ ئېقىشىنى يۈرىكىم سەزسۇن، چاك-چاك يېرىلغان قەلبىم يارىسى مـەلھەم تاپسۇن. سـەن مـېنىڭ بالام، مەن سېنى ئاپئاق سۈتلىرىم بـىلەن باققان، مېنى قۇچاقلا، يەنىمۇ مەھكەمرەك قۇچاقلا...

ئاھۇ ئۈنسىز ھالدا ئاشۇنداق خىتاب قىلاتتى. دىـدارلىشىش ئۇزۇنغا سوزۇلدى. گـۈزەل ئاي نۇر چېچىشتىن

زېرىكمىدى. قۇم بارخىنى ئۈستىدە قۇچاقلىشىپ دىدارلىشىۋاتقان ئانا ـ بالا گويا ئاي نۇرىدىن پۈتكەن سۈزۈك قاشتېشى ھەيكىلىگە ئوخشايتتى.

## 8

پاجىئە سالام قايتىپ كەلگەن كۈنىنىڭ ئەتىسى يۈز بەردى. ئۇ تېخى ئاتىسىنىڭ، ئاھۇ ئانىسىنىڭ، ئاققۇلىرىنىڭ، كۆلنىڭ، چۆلنىڭ مېھرىگە قېنىپ ئۈلگۈرمىگەنىدى. ئۇنىڭ كۆرىدىغان نۇرغۇن نەرسىلىرى بار ئىدى. ئۇ شەھەردىن ئالغان تەسىراتلىرىنى، مەكتەپتە ئۆگەنگەنلىرىنى ئاتىسىغا سۆزلەپ بەرمەكچىدى. ئانىسى ھەققىدە، ئۆزىگە پەقەت بىر قېتىملا يېنىش ـ يېنىشلاپ قارىغان ئاشۇ بەختسىز ئانىسى ھەققىدە سۆزلەپ بېرىشمۇ ئۇنىڭ پىلانى ئىچىدە ئىدى... لېكىن ھېچقايسىسىغا ئۈلگۈرەلمىدى. كۆلنىڭ دامبىسى ئۈستىدىن چېپىپ كەلگەن پىكاپ ئۇنىڭ ھەممە خىياللىرىنى بۇزۇپ تاشلىدى. پىلانلىرىنىمۇ، تىنچ ـ خاتىرجەملىكىنىمۇ، خۇشال ـ خۇرام ئۆتۈشى كېرەك بولغان تەتىل كۈنلىرىنىمۇ، ئارزۇ بوستانلىرىدا بىخلىنىۋاتقان ئارمانلىرىنىمۇ بۇزۇپ تاشلىدى. ئۇ ھەممىدىن ئايرىلىپ قالدى. ئىمپورت قىلىنغان ئاق رەڭلىك پىكاپ دامبا ئۈستىدە غۇيۇلداپ، كۆلدىكى

سۇلاۋلىرى لەۋزىگە سېلىپ قارىلىتىپ يېتىپ كەلگەندە، ئاتا - بالا تۆۋەنىڭ ئالدىغا چىقىپ ئۇلگۇرگەندى. كۆتۈلمىگەن مېھمانلار ماشىنىدىن چۈشتى. ئۇلارنىڭ قوللىرىدا مىلتىق بار ئىدى. ئاتا - بالا ھاڭ - تاڭ بولۇپ قالدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، كۆلنىڭ خوجايىنلىرى!

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ... ۋاھ، تىنچ - ئامان تۇرۇشلىمۇ؟ ۋاي خۇدايىمەي، ھەر قايسىلىرىنىڭ بۈگۈن كېلىپ قالىدىغانلىقلىرىنى زادىلا ئويلىماپتىمەن. ھارمىغايلا، ھارمىغايلا ...

ئاتا مېھمانلارنىڭ ھەممىسى بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ چىقتى. ئىززەت بىلەن ئۇلارنىڭ قوللىرىدىكى سومكىسىنى ئالدى.

مېھمانلارنىڭ ئارىسىدا ناھىيىلىك سۇ ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقىمۇ بار ئىدى. ئۇ ھەر يىلى دەل مۇشۇنداق قەھرىتان قىشتا ئەل - ئاغىنىلىرىنى باشلاپ كۆلگە كېلەتتى. ئىككى كۈنمۇ ئەمەس، تۆت كۈنمۇ ئەمەس، دەل ئۈچ كۈن تۇراتتى. كۆل ئەتراپىدا قېنىپ، راھەتلىنىپ ئىستىراھەت قىلاتتى. بېلىق، ئۆردەك گۆشى يەيتتى. بېلىق تۇتۇشقىمۇ، ئۆردەك ئېتىشقىمۇ ئۆزى بىۋاسىتە ئىشتىراك قىلاتتى. كۆلدىكى زۇمرەت مۇز ئۈستىدە ئۇنىڭ قاقاقلىغان كۈلكىسى جاراڭلايتتى، ئارقىدىن بېلىق پىشۇرۇش، ئۆردەك كاۋىپى تەييارلاشقا يەنە ئۆزى

قول سالاتتى. دورا ـ دەرمەكلەرنى ئۆزى تەييارلايتتى. بىلىقنى دورا ـ دەرمەكلەر بىلەن ياغدا قورۇيتتى. ئۆردەكنى بولسا ئۈيىنىڭ ئالدىدىكى كۆلخانىغا قاقلاپ پىشۇراتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ قورۇمىلارنى تەييارلاشقا، تاماق ئېتىشكە ئۇستىلىقى بىلەن ماختىناتتى. قورۇما، كاۋاپلار تەييار بولغاندىن كېيىن، پىكاپقا سېلىپ ئاتايىتەن ئەكەلگەن دۇتارنى ئاتىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ، ئۇنى ئۆيىنىڭ تۆرىگە ئولتۇرغۇزاتتى. ئۆزى بولسا رومكا بىلەن هاراقنى قولىغا ئېلىپ بىرىنچى رومكىنى ئاتىنىڭ سالامەتلىكى، شاد ـ خۇراملىقى ئۈچۈن تەقدىم قىلاتتى. ئەلۋەتتە باشلىقلىق سالاھىيىتى بىلەن ئاتىنىڭ بىر يىللىق ئەمگىكىنى، جاپاغا چىداپ چۆلدە ئىشلەشتەك روھىنى، تۆھپە ـ نەتىجىلىرىنى تەقدىرلەشنىمۇ ئۇنتۇمايتتى.

سالام بۇ كىشىنىڭ مەخسۇس بېلىق، ئۆردەك يېيىش ئۈچۈن كېلىدىغانلىقىنى ياكى ئاتىسىنىڭ بومئاۋازدا ئېيتىدىغان ئاجايىپ ناخشىلىرىنى ئاڭلاشقا كېلىدىغانلىقىنى ئايرىيالمايتتى. بەلكىم ھەر ئىككىلىسى ئۈچۈن كېلىدىغاندۇ، بەلكى بىر يىللىق خىزمەتتىن چارچىغان نېرۋىلىرىنى ئارام ئالدۇرۇپ، ئىستىراھەت قىلىش ئۈچۈن كېلىدىغاندۇ ۋە بەلكى كۆلنى، ئاتىسىنىڭ خىزمىتىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن كېلىدىغاندۇ... قانداقلا بولمىسۇن، ئۇ كىشى ھەر قېتىم كېلىپ كەتكەندە كۆلنىڭ ئەتراپىدىكى

ساپ ھاۋا بىر قانچە كۈنلەرگىچە پۇرۇخ پۇرايتتى. ئۆينىڭ
ئىچى - تېشىنى ھارىقنىڭ قاڭسىق ھىدى قاپلاپ
كېتەتتى ...

باشلىق كۆلگە ھەر قېتىم كەلگەندە سالامنىڭ ئا-
تىسى باشقىچە ئادەمگە ئايلىناتتى. كۆزلىرىدىن مۇڭ
ۋە غەم تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان ئاتا رومكىنى قولىغا ئال-
غاندىن كېيىن كۆزلىرىدىن شادلىق ئۇچقۇنلىرى چاچرايتتى.
تىلىدىن ئەڭ كۆلكىلىك لەتىپە، چاقچاقلار تۆكۈلۈپ،
يىگىرمە يىلدىن بۇرۇنقى ياشلىقىغا قايتقاندەك بولۇپ قا-
لاتتى. سالامنىڭ كۆزىگە ئاتىسى راستتىنلا ياشىرىپ قال-
غاندەك كۆرۈنۈپ كېتەتتى. لېكىن دۇتارنى قولىغا ئالغاندا
بولسا، ئۇنىڭ كۆزلىرىگە يەنە غەم - ئەندىشە، مۇڭ - ھەسرەت
كۆلەڭگە چۈشۈرەتتى. بوم، مۇڭلۇق ئاۋاز ئۇنتۇلغان ئۆت-
مۈشنى، يۈرەكنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قېتىدا يوشۇرۇنغان ھەس-
رەت - نادامەتنى كۈيلەيتتى. ئاتا ئاللىقانداق گۇناھلىرى
ئۈچۈن ئەپۇ - كەچۈرۈم سوراۋاتقان بىچارىگە، پۇشايمان-
نادامەتلىرى ئۈچۈن ئەپسۇسلىنىۋاتقان دەردمەنگە، ۋاپا
ئىزدەپ جاپا چەككەن، تىلەك تىلەپ ئارمانغا يېتەلمى-
گەن، ئاھ ئۇرۇپ كۆككە تەلمۈرگەن غەمخانىغا ئايلىنىپ
قالاتتى. ئۇ راستتىنلا شوخ، ناخشىلارنى بىلمەيت-
تى. ئۇنىڭ قەلبىدە ئۇنداق ناخشىلار يوق ئىدى، بولس-
مۇ ئېيتمايتتى. پەقەت غەملىك، مۇڭلۇق ناخشىلارنىلا
ئېيتاتتى. ناخشىلارنىڭ ئاخىردا ھەسرەت بىلەن ئۇلۇغ -

كىچىك تىنىپ قوياتتى. ئۇنىڭ ناخشىسى تۈگىگەندە ناخشا ئاڭلاۋاتقانلارنىڭ يۈرىكىنى بېسىپ تۇرغان تۈگمەننىڭ يوغان تېشى سىيرىلىپ چۈشۈپ كەتكەندەك يېنىكلىشىپ قالاتتى. لېكىن ئۇلار يەنىلا ئاشۇنداق ناخشىلارغا ئاشىق ئىدى. ئۇ ئاشۇ مۇڭلۇق، ھەسرەتلىك ھالەتتىن ئاللىقانداق ئىچكى لەززەتكە ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلغاندەك، ئاشۇ مۇڭ - ھەسرەت ئارقىلىق سېغىنغان، ئارمان قىلغان يىراق مەنزىلنى كۆرۈشنى ئىزدىگەندەك ئۇنىڭغا يېپىشاتتى. مېھمان ياشاپ كەت، مۇڭ، مۇڭ، دەپ ۋارقىرايتتى، ئارقىدىنلا ئەڭ گۈزەل تىلەكلەرنى قوشۇپ ئاتىنىڭ قولىغا يەنە رومكىنى تۇتقۇزاتتى. رومكىدىن كېيىن: قېنى، يەنە بىر پەدە مۇڭ قىلايلى، دەپ تەلەپ قىلىشاتتى. ئاتىنىڭ مۇڭلۇق بارماقلىرى دۇتارنىڭ مۇڭلۇق تارلىرىغا مۇڭ بىلەن ئۇرۇلۇشقا باشلايتتى ...

ئاشۇ باشلىق بۈگۈن يەنە كەپتۇ. ئۇنىڭ بۈگۈن — تەتىلنىڭ تۈنجى كۈنى كېلىشى، ئۆتكەن يىلقىدەك كونا پىكاپتا ئەمەس، ئىمپورت قىلىنغان ئاق رەڭلىك يېڭى پىكاپتا كېلىشى سالامغا سەل غەلىتە تۇيۇلدى.

مېھمانلار بىر دەمدىلا ئۆي ئىچىنى ۋاراڭ - چۇرۇڭ، كۈلكە - چاقچاققا تولدۇرۇۋەتتى، خۇددى ئۇلارنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭ، كۈلكە - چاقچاقلىرىدىن ئىس - تۈتۈن چىقىۋاتقاندەك ئۆي ئىچى ئىس - تۈتەككىمۇ تولۇپ كەتتى.

چايدىن كېيىن مېھمانلار ئۇۋغا تەييارلىق قىلدى.
ئۇلار ئىككى مىلتىق - بىر دانە قوش ستۋوللۇق ئوۋ مىلتىقى، بىر دانە يېرىم ئاپتوماتىك ھەربىي مىلتىق ئەكەلگەنىدى. ئاتىنىڭ مونوپولكىسى بىلەن ئۈچ مىلتىق بولدى. باشلىق ھەر يىلقىدەك مونوپولكىنى تاللىۋالدى.
— جۇيجاڭ، ئاق قۇلارغا ئوق تېگىپ كەتمىسۇن، ئۇلار قوغدىلىدىغان قۇش. ئۇلارنى بىلىسىلەر، ئاشۇنداق قانۇن بار، — دېدى ئاتا.
— ئەلۋەتتە، ئاق قۇلارنى ئاتمايمىز، — باشلىق ھەمراھلىرىغا كۆز قىستى، — ياۋا غاز بىلەن ئاق قۇلارنى ئايرىلاشتۇرۇپ قويساق ئۇ چاغدا باشقا گەپ. خوجايىنىمۇ بىزدىن ئاغرىنمايدۇ، ھا، ھا، ھا ...
— قانداقچە ئايرىۋالغىلى بولمايدۇ؟ ئۇلار ئېنىق پەرقلىنىدۇغۇ جۇيجاڭ ...
— خاتىرجەم بولسىلا خوجايىن، ئاق قۇلارنى ئاتمايمىز دېدىمغۇ، ئاتمايمىز، ھۆججەت يېزىپ بېرەمدىم - يا؟
باشلىق يەنە ھەمراھلىرىغا كۆز قىستى ۋە قاقاقلاپ كۈلۈپ، كۈلىنىڭ قىرغىقىنى بويلاپ يۇقىرىغا يۈرۈپ كەتتى. يېرىم ئاپتوماتىك ھەربىي مىلتىقنى كۆتۈرگەن ئاۋاق يەنە بىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ئاياغدىكى ئۆستەڭگە كەتتى. چاچما ئوقلۇق، قوش ستۋوللۇق مىلتىق بىلەن قوراللانغان بىرى ئاتىنى باشلاپ كۆلگە - مۇز ئۆستەڭگە چۈشتى.

دە، كىچىك قىيىقنىڭ ئىچىگە كىرىپ ياتتى. ئاتا قىي-
يىقنى ئارقىسىدىن ئىتتىرىپ كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىغا سىي-
رىلدۇرۇپ ئەكەتتى. قىيىق مۇز ئۈستىدە چانىدەك
يېنىك تېيىلاتتى.

ئاتا دامىغا ئون - ئون بەش مېترچە كېلىدىغان
جايدىن ئۈچ كاچكول ئېچىپ قويغانىدى. ھەر كۈنى كې-
چىسى كاچكوللار نېپىز بىر قەۋەت مۇز تۇتاتتى. سالام
مانا شۇ يەرگە كېلىپ، تۆمۈر ئارا بىلەن ئازراق چوقۇپ-
لا كاچكوللارنى تەشتى. ئارا بىلەن مۇز پارچىلىرىنى سۈ-
زۈپ ئېلىۋەتتى، ئاندىن قارماققا قوناق دانلىرىنى ئۆت-
كۈزۈپ كاچكولغا تاشلىدى. ئۈچ كاچكولغا قارماق تاش-
لاپ بولغىچە يېرىم سائەتتەك ئۆتتى. ئۇ قارماق خادى-
لىرىنى قېلىن مۇز پارچىلىرى بىلەن تىرەپ قويۇپ بېشى-
نى كۆتۈرگەن چاغدا، قىيىقنى ئىتتەرگەن ئاتا خېلىلا ئۇ-
زاپ كەتكەنىدى. ئۇ ۋە قىيىق كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدا كى-
چىككىنە قارا نۇقتا بولۇپ كېتىپ باراتتى. سالام ئاشۇ
ياققا قاراپ تۇرۇپ ئاق قۇلىرىنى ئەسكە ئالدى. ئەگەر
ئۇلار ئاتقان ئوق ئۇقۇشۇلماي ئۇنىڭ چۈجىلىرىگە تېگىپ
كەتسە، ئۇ چاغدا نېمە بولىدۇ؟ پەرىشتىدەك، ئاق مامۇق-
تەك يۇمشاق، سۈرەتتىكىدەك گۈزەل ئاق قۇ چۈجىلىرى
قىپقىزىل قانغا مىلەنسە، ئۇلارنىڭ چىرايلىق، يۇمىلاق
كۆزلىرى مەڭگۈلۈككە يۇمۇلسا قانداق بولىدۇ. ۋاي خۇ-
دايىمەي ... سالام كۆڭلىنى ئەنسىزلىك قاپلاپ، نېمە

قىلاردىنى بىلەلمەي قالدى. لېكىن ئامال يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئامراق چۈجىلىرىنىڭ ھازىر قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايتتى، ئىزدەپ بېرىشنىڭمۇ ئورنى يوق ئىدى ... قارماقنىڭ خادىسى مىدىرلاپ كەتتى. سالامنىڭ پىكىرلىرى بۆلۈندى. ئۇ قارماق خادىسىنى قولىغا ئېلىپ ئاستا - ئاستا كۆتۈردى، پولتاي كۆز ئاق بېلىق كاچكولدا كۆرۈنگەن چاغدا، يىراقتىن مىلتىقنىڭ گۈمبۈرلىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. ئەكس سادا كۆل ئىچىدە ئۈزۈنغىچە ياڭراپ تۇردى.

كۆل تاماشىسى — زىياپەت ئۆتكەن يىلدىكىگە ئوخشاشلا تولىمۇ كەچ باشلاندى. بېلىقلارنى تازىلاپ قورۇش، ئۆردەكلەرنى يۇڭداپ كاۋاپ قىلىش كۆپ ۋاقىتنى ئالغانىدى. ئاتىنىڭ دۇتار تەڭكەش قىلىنغان مۇڭلۇق ئاۋازى ياڭراشقا باشلىغان چاغدا سائەت ئوندىن ئاشقان، چۆلمۇ، كۆلمۇ ئۇيقۇغا چۆككەن، كۆلدىكى غاز - ئۆردەكلەرنىڭ غاقىلدىشى توختىغان، يىپىرىم كۈن گۈمبۈرلىگەن مىلتىق ئاۋازى ئۇلارنى يىراقلارغا قوغلىۋەتكەنىدى.

سالام بۈگۈن كەچكى شەپەقنىڭ مۇز ئىچىدە ئولتۇرۇشىنىمۇ تاماشا قىلالمىدى. ئاققۇلىرىنىمۇ كۈتۈۋالالمىدى، ئۇلارنىڭ قايتىپ كەلگەن - كەلمىگەنلىكىنىمۇ بىلمەيتتى. زىياپەتتە كېرەكلىك ھەممە نەرسە تەييار بولۇپ، باشلىق بىرىنچى رومكىنى ئەڭ ياخشى تىلەكلەر

بىلەن ئاتىنىڭ قوللىرىغا تۇتقۇزغاندىلا، ئاندىن سا-
لامنىڭ قولى بوشىدى. ئۇ ئەڭ ئاخىرقى تاپشۇرۇق —
مەشكە كۆمۈر سېلىشنى ئورۇنداپ بولۇپ سىرتقا چىقتى.
ئەتراپ سۈتتەك ئايدىڭ. ئاي ئاسماندىمۇ، كۆلدىمۇ،
مۇزنىڭ تېگىدىمۇ ئۈزۈپ يۈرەتتى. ئاي خۇددى مۆكۈلۈك
ناخشىنىڭ ئەللەيلىشى بىلەن مۈگدەۋاتقاندەك، ئاللى-
قانداق مۆكۈلۈك خىياللارغا پاتقاندەك ئاقىرىپ كۆرۈنەتتى.
سالام چۈجىلىرىنىڭ كاتىكىگە قاردى، ئۇلار يوق، ئۇ
ئەمدى قومۇشلۇققا تىكىلدى، كەينىگە بۇرۇلۇپ ئۆيىنىڭ
ئارقىسىدىكى قۇم بارخىنىنىڭ ئۈستىگە نەزەر سالدى.
ئۇنىڭ ئاھۇ ئانىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى، بەلكى كەلمىگەندۇ،
مىلتىق ئاۋازلىرىنى ئاڭلىغان بولسا ئۈركۈپ يىراقلارغا
كەتكەندۇ. بوپتۇ، بۈگۈن كەلمىسۇن، ئەگەر مۇنۇ ئادەم-
لەرنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ قالسا، نېمە ۋەقە يۈز بېرىشىنى
كىم بىلىدۇ؟ ئۇلاردا شەپقەت يوق، ئوۋچىدىن — قانغا
خۇمار بولۇپ كەتكەن ئوۋچىدىن شەپقەت كۈتكىلى بول-
مايدۇ. مەيلى بۈگۈن كەلمىسۇن، ئەتە كەلسۇن، ياق
مۇنۇ ئوۋچىلار كەتكەندىن كېيىن ئۆزۈم ئىزدەپ تاپىمەن.
ئېگىز قۇم بارخىنى ئۈستىگە چىقىپ ئىسكىرىپكامنى
چالىمەن، ئۇ ئاڭلايدۇ. يىراقتا بولسىمۇ ئاڭلايدۇ، ئاڭلى-
سىلا چوقۇم كېلىدۇ. شۇ چاغدا ئۇنىڭ بوينىدىن قۇچاق-
لايمەن. ياقۇت كۆزلىرىگە سۆيىمەن ...

تالا سوغۇق ئىدى، سالام ئۆيگە قايتىپ كىردى،

بىراق خوش - خوش دېگەن ۋارقىراشلارغا، ئىس - تۇ-
تەككە، هاراقنىڭ سېسىق هىدىغا تولغان ئىچكىرىكى
ئۆيگە كىرىشنى خالىمىدى، پەقەت سىرتقى ئۆيدىكى
كارىۋاتتا يېشىنمەستىنلا ئاتىسىنىڭ جۇۋىسىغا يۆگىنىپ
ياتتى. ئۇيقۇسى كەلمەي، ئاتىسىنىڭ بوم، مۇڭلۇق ناخشا
ئاۋازىغا قۇلاق سالدى. شۇ چاغدا قەلبىنى ئېغىر بىر
دەرد قاماللىۋالغاندەك بولدى. ناخشىدىكى مۇڭ ياش،
گۈزەل، ساغلام بىر جاننىڭ قېرىپ هالىدىن كەتكەنلى-
كىنى، كۆزلىرىدىن هايات ئۇچقۇنلىرىنىڭ ئۆچكەنلىكىنى،
ئېغىر نەپەس ئېلىپ نامەلۇم بىر مەنزىلگە قاراپ كېتىپ
بارغانلىقىنى ئەسلەتتى. سالام تەكلىماكاننى — ئۆزى
ئۆسۈپ يېتىلگەن چۆلنى، قۇم بارخانلىرىنىڭ ئارقىس-
دىكى قوۋزاقلىرى چاك - چاك يېرىلىپ كەتكەن قېرى
توغراقنى، قۇرۇپ قاقشال بولۇپ كەتكەن بەقەم -
يۇلغۇننى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. بۇلار ئاتىسى ئېيتى-
ۋاتقان ئاشۇ ناخشىغا، ئاشۇ ناخشىدىكى قەدىمكى مۇڭغا،
ئاشۇ ناخشىدا كۈيلەنگەن قېرى جانغا ئوخشايتتى. بۇ
ناخشا سالامنىڭ قۇلاقلىرىغا خۇددى ئاشۇ چۆللەرنىڭ،
قېرى توغراقنىڭ، ئېگىلىپ يەرگە تېگەيلا دەپ قالغان
يۇلغۇننىڭ سىرلىرىدەك، ئاشۇ ناخشىدىكى مۇڭ قېرى
تەكلىماكاننى تەسۋىرلەپ - سۈرەتلەپ بېرىۋاتقاندەك
تۇيۇلدى. ئۇنىڭ ئاهۇ ئانىسىنىڭ ياقۇت كۆزلىرىدىمۇ
ئاشۇ ناخشىدىكى مۇڭ بار ئىدى. ئۇ كۈيلىمەيتتى، بىراق

ئۇنىڭ سۆكۈت بىلەن قاراشلىرىدىن ئىختىيارسىز كۆي تۆكۈلەتتى، ئۇزۇن يىللار ئىلگىرى قاپقانغا چۈشۈپ قالغان جۈپتىنىڭ ئېچىنىشلىق ھالىتىنى ئەسلەۋاتقاندەك مۇڭلىناتتى. ئۇمۇ قېرىدىمىكىن؟ مىڭ يىللاردىن بېرى بۇ ئانا چۆلگە ئىپار چېچىپ چارچىدىمىكىن؟ يېتەلمىگەن ئارمانلىرى ئۈچۈن، جۇدا بولغان جۈپتى ئۈچۈن، تۈگىمەس ھەسرەتلىرى ئۈچۈن ئاھ ئۇرۇۋاتامدىكىن؟ ...

ئاھۇ ئانىنىڭ كۆزلىرىدىن قانلىق ياش تارام - تارام بولۇپ ئاقتى. شىرىلداپ، شۇقىراپ ئېقىۋاتقان قىپقىزىل قان كەچكى شەپەققە، بىر پارچە قىزىل رەختكە ئوخشاش يېيىلاتتى. ئاھۇ ئانا ياش تۆكۈپ تۇرۇپ، «سالام، سالام، مېنىڭ ئوغلۇم» دەپ ۋارقىرىدى. سالام ئۇنىڭغا قاراپ يۈگۈردى، بىراق يۈگۈرەلمىدى، پۇتلىرى قولاشمايتتى. يەردە ئۆمىلەپ ئاھۇغا قاراپ تىرىماشتى. ئاھۇنىڭ بېشى ئۇنىڭ ئالدىغا دومىلاپ كەلدى. ئوغلىغا قانلىق ياش ئېقىۋاتقان كۆزلىرى بىلەن تەلمۈرۈپ مۇڭلىنىپ قارىدى. سالام ئۇنى قۇچاقلىدى، ئۇنىڭ بويىنىدىن، ئىسسىق گەۋدىسىدىن قۇچاقلىدى. ئاھ خۇدا، ئانىنىڭ بويىنىمۇ قان ئىدى. سالامنىڭ قۇچىقىدا ئۇنىڭ بېشى، بويىنىلا تۇراتتى. ئۇنىڭ ئىسسىق باغرى، ئىسسىق گەۋدىسى نەگە كەتتى؟ ئانا سەن نېمە بولدۇڭ؟ گەۋدەڭ، ئىسسىق باغرىڭ قېنى؟ ئانا، ئانا... سالامنىڭ قۇچاقلىرىدىن ئاھۇنىڭ بېشى چۈشۈپ كەتتى. باش خۇددى يۇمىلاق توپقا ئوخشاش قۇم بارخىنى ئۈس-

تىندىن پەسكە دومىلىدى. ئانا، ئانا، مېنىڭ ئاھۇ ئانام، ساڭا نېمە بولدى؟ سالام يۇمىلاپ چۈشۈپ كېتىۋاتقان باشنىڭ كەينىدىن ئۆزىنى ئاتتى. ئۇنى تۇتۇۋالماقچى بولاتتى. لېكىن ئۆزىنى توختىتىۋالالماي چۈشۈپ كېتىۋاتاتتى. تەگسىز، مۇدھىش قاراڭغۇلۇققا موللاقلاپ چۈشۈپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ قورقتى، يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلىپ قالدى. ۋارقىرىماقچى، توۋلىماقچى بولدى، لېكىن ئاۋازى چىقمىدى. ئا ... ئا ... ئا...

سالام كاردىۋاتتىن سەكرەپ چۈشتى، ئۇھاسىرايتتى. خۇددى ئۇزۇن يوللاردىن يۈگۈرۈپ كەلگەندەك ھېرىپ-تەرلەپ كەتكەن، دېمى كېسىلىپ، تىلى ئاغزىغا كەپلىشىپ قالغانىدى. ئۇ كۆزلىرىنى ئېچىپ ئەتراپقا نەزەر سالدى. ئىچكىرىكى ئۆينىڭ ئىشىك يوچۇقلىرىدىن چىراغنىڭ تارام - تارام نۇرلىرى چېچىلىپ تۇراتتى. ئاتىنىڭ ناخشا ئاۋازى ئاڭلىناتتى. سالام ئۇخلىغانلىقىنى، چۈش كۆرگەنلىكىنى، چۈشىدە قارا بېسىپ قالغانلىقىنى چۈشەندى. قورقۇنچلۇق چۈش ئۇنىڭ يادىدا ساقلىنىپ قالغان، خۇددى ئوڭدا يۈز بەرگەندەك، ھېلىلا كۆرۈپ ئۆتكەن ئىشتەك ھەممىسى ئېنىق ئېسىدە ئىدى. ئۇ قورقۇپ كەتتى. قەلبىنى قورقۇنچلۇق بىر ۋەھىمە، ئەنسىزلىك قۇچىقىغا ئالدى.

سالام سىرتقا چىقتى. ئاي غەربكە قىيسايغان، ئۆينىڭ كۆل بويىدىكى سۆگەتلەرنىڭ سايىسى شەرقە

يۆتكەلگەنىدى. ئۇنىڭ مېڭىسىدە ھېلىلا كۆرگەن چۈش كېزەتتى. ئۇ قومۇشلۇققا تىكىلدى، دەرھال ئۆينىڭ ئار-قىسىدىكى قۇم بارخىنىغا بۇرۇلدى، بۇرۇلدىيۇ، يۈرىكى بىردىن دۈپۈلدەپ ئۇرۇپ كەتتى. قۇم بارخىنى ئۈستىدە ئۇنىڭ ئاھۇ ئانىسى خۇددى ھەيكەلدەك، ئاي نۇرىدىن ياسالغان ئاھۇ ھەيكىلىدەك قېتىپ تۇراتتى. سالام ئۆشنىسىگە يېپىنىۋالغان جۇۋىنى سېلىپ تاشلاپ بارخانغا يۈگۈردى.

— پاڭ!

يېقىندىلا ياڭرىغان مىلتىق ئاۋازى سالامنى چۆ-چۈتۈۋەتتى. ئۇ ئاھۇ ئانىسىنىڭ ئېچىنىشلىق ئاۋازدا مەرەپ بارخان ئۈستىدىن دومىلاپ چۈشكەنلى-كىنى كۆردى.

— ئانا، مېنىڭ ئانام!

سالام ئاھۇنىڭ ئۈستىگە تاشلاندى، ئۇنى بار كۈ-چى بىلەن قۇچاقلىدى، ئۇ توختىماي ۋارقىرايتتى.

— ئانام، مېنىڭ ئاھۇ ئانام، مېنىڭ ئاھۇ ئانام!

ئۆي ئىچىدىكىلەر مىلتىق ئاۋازىنى ئاڭلاپ سىرتقا چىقىشتى. سالامنىڭ ئاتىسى ئوغلىنى ئاھۇنىڭ ئۈستى-دىن ئاجرىتىشقا تىرىشاتتى. ھېلىقى ئاۋاق سۆزلى-مەكتە ئىدى:

— سىرتقا چىققانىدىم، قارىسام بارخان ئۈستىدە خۇددى مېنى كۈتۈپ تۇرغاندەك قاراپ تۇرامدۇ، ئۆچكى-مىكىن دەپتىمەن، سىنچىلاپ قارىسام كىيىك ئىكەن.

ملتىقنى ئاچىقتىم، قارىغا ئالدىم، ئەمدى تەپكىنى باساي دېگىنىمدە مۇنۇ بالا بارخانىغا قاراپ يۈگۈرۈۋاتىدۇ، قېچىپ كېتەرمىكىن دەپ يۈرىكىم ئاغزىمغا تىقىلىپ قالدى. دەرھال تەپكىنى باستىم. ۋاھ، دەل كۆكسىگە تەگدى ... ھەقىقىي ئوۋچى دېگەن مانا مۇشۇنداق بولىدۇ، كېچىدىمۇ دەل تەگكۈزەلەيدۇ ...

— ھاي ئاغىنىلەر، ئەمدى كىيىك گۆشى يەيدىكەنمىز - دە، كىيىك گۆشى. بۇ يىلقى مۈز تاماشىسى ئۆتكەن يىلدىكىدىن ياخشى بولىدىغان بولدى - دە، ۋاھ، ۋاھ ...

سالام يىغلايتتى، ۋارقىرايتتى، كۆزلىرىدىن ئاققان ياش ئاھۇنىڭ ئۈستىگە تارام - تارام بولۇپ چۈشەتتى، ئاتا ئۇنى بەزلەيتتى:

— يىغلىما، ئوغلۇم، بولغۇلۇق بوپتۇ. ئەمدى ئۇرنىغا كەلمەيدۇ، يىغلىما ...

— كىيىك ئۆلسە بۇ نېمىشقا يىغلايدۇ؟ قورقۇپ كېتىپتۇمۇ يا، ھەي بالا، يۈرىكىڭگە تۈكۈرۈپ قوياي. قورقۇنچنى باسىدۇ. ئوغۇل بالادېگەنمۇ قورقۇنچاق بولامدۇ؟ چۆل يىگىتى دېگەنمۇ ملتىق ئاۋازىدىن قورقامدۇ؟ كەل يۈرىكىڭگە...

— ياق، سالام قورقۇپ يىغلاۋاتقىنى يوق، سىلەر ئۇنىڭ ئانىسىنى ئېتىۋېتىپسىلەر، ئاھۇ ئۇنىڭ ئانىسى، ئۇنىڭغا سۈت بېرىپ باققان ئانىسى...

— ئانىسى؟ كىيىك ئۇنىڭ ئانىسى؟

— ھەئە، كىيىك ئۇنىڭ ئانىسى ئىدى... بولغۇلۇق بوپتۇ، ئەمدى ئورنىغا كەلمەيدۇ، يىغلىما بالام، يىغلىما...

— كىيىك ئادەم بالىسىنىڭ ئانىسى دېگەن قانداق گەپ؟ نېمانداق باش - ئاخىرى يوق گەپ بۇ، ھېچنېمىنى ئۇققىلى بولمىدىيا...

— قېنى ئۆيگە كىرىپ كېتەيلى، ھەممە ئىشنى باشتىن سۆزلەپ بېرەي. بۇ تولىمۇ ئۇزۇن ھېكايە...

ئۆلگەن، خۇددى يىلتىزىدىن ئايرىلغان گۈلدەك سولاشقان ئاھۇنى تاشقىرىدىكى ئۆيگە ئەكىرىپ تاشلاشتى. شامنىڭ يورۇقىدا ئاتىنىڭ كۆزلىرىدىن بىر دۇنيا ئېچىنىش، باشقىلارنىڭ كۆزلىرىدىن بولسا ھەيرانلىق چېچىلىپ تۇراتتى. ئاھۇنىڭ كۆزلىرى تېخىچە ئوچۇق ئىدى، ئۇ گويا ئۆچەي - ئۆچەي دەپ قالغان چوغدەك قىپقىزىل نۇرچېچىپ تۇراتتى. ئۇنى ئاتقان ئاۋاقنىڭ ئوۋچىلىقتىن ئوبدانلا خەۋىرى بار ئىكەن. خۇددى قەدىمىي ئوۋچىلارغا ئوخشاش يەرگە تىزلىنىپ، بىر چاڭگال مۇزدەك تۇپراقنى ئالدى - دە، ئاھۇنىڭ كۆزلىرىگە چاچتى. ياقۇت كۆزلەر يۇمۇلدى. ئەڭ ئاخىرقى نۇرلار ئۆچتى...

— ئاھۇنىڭ نۇرلۇق كۆزلىرىنى كۆرگەن ھەر قانداق كىشى ئۇنى ھەرگىز ئېتىشقا پېتىنالمايدۇ. ئىككىن

چىلەپ ئۇنى ھەرگىز ئاتقۇسى كەلمەيدۇ. قەدىمدىن تارتىپ ئوۋچىلار ئۇنى يىقىتقان ھامان ئالدى بىلەن كۆزلىرىگە توپا چېچىشنى ئادەت قىلغان. ئۇنداق بولمىسا، ئۇلار ئىككىنچى ئوۋغا چىقالمايدۇ. ئۇنى نېمىشقا ئاتقان بولغىيتتىم دەپ پۇشايماندا قالىدۇ. شۇڭا مەن ئۇنىڭ كۆزلىرىگە توپا چاچتىم ... — ئاۋاقنىڭ ئاۋازىدا كۆرەڭلىك جاراڭلاپ تۇراتتى. ئاھۇنى ئاتقانلىقى ئۈچۈنمۇ، ئاھۇ ھەققىدىكى مۇشۇ بىلىمدىن خەۋىرى بارلىقى ئۈچۈنمۇ كۆرەڭلەيتتى.

ئاتا دۇتارنى قولىغا ئالدى. مۇڭلۇق، ھەسرەتلىك، سىرلىق بىر ھېكايىنى — «چۆل بىلەن چۆل گۈزىلى، ئىپار ئاھۇسى بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى» ھەققىدىكى ھېكايىنى داستان قىلىپ ئېيتىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئاۋازى تېخىمۇ مۇڭلىنىپ كەتكەندى. ئۇنىڭ ھېكايىسىدە مىڭ يىللاردىن بېرى تەكلىماكاندا ياشىغان ئىپار ئاھۇسى، ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن كەلمىشلەر، ھەسرەت - نادامەتلەر، مۇڭ-زارلار بايان قىلىناتتى، ئەڭ ئاخىرقى بىر ئىپار ئاھۇسى بىلەن ۋىدالىشىش كۈيلىنەتتى.

سالام سىرتقى ئۆيدە سوزۇلۇپ ياتقان ئاھۇنىڭ بېشىدا تىزلىنىپ ئولتۇراتتى. كۆز ياشلىرى توختىماي سىرغىپ چۈشەتتى. ئاھ خۇدا، نېمىشقا بىر مىنۇت بۇرۇن ئويغانمىدىم؟ سىرتقا بىر مىنۇت بۇرۇنراق چىقمىدىم؟ بىر مىنۇت پەقەت بىر مىنۇت! مەن ئۇنى بىر مىنۇت بۇرۇنراق، ياق

بىر سېكۇنت بۇرۇنراق ئۆركۈتۈۋەتكەن بولسام، ئۇ ئامان قالغان بولاتتى. مۇشۇ پاجىئە چۈشۈمدە ئايان بولغان. ئۇنىڭ قانغا مىلەنگەنلىكىنى، كۆزلىرىدىن قانلىق ياش ئاققانلىقىنى چۈشۈمدە كۆرگەن. مەن ئۇنى قۇتۇلدۇرالمىدىم. ئانامنى قۇتۇلدۇرالمىدىم...

سالامنىڭ كۆز ياشلىرى مەڭزىنى بويلاپ توختىتىماي سىرغىپ چۈشەتتى. ياش تامچىلىرى ئاھۇنىڭ يۇمشاق، مەيىن تىۋىتلىرىنى ھۆل قىلىۋەتتى. ئانا ئاھۇنىڭ سوۋۇشقا باشلىغان تېنى ئاشۇ ئىسسىق كۆز ياشلاردىن قايتا ئىسسىقلىق ئالالمامىكىن؟ ئۇنىڭ قۇرۇشقا باشلىغان جېنى ئاشۇ ئىسسىق كۆز ياشلاردىن قايتا ياشارماسمىكىن!؟ ئاھ، ئانا ئوغلىنىڭ كۆز ياشلىرىدىن قايتا قۇۋۋەت - جان ئالسا - ھە، ئاھ... سالام قولىنى ئاھۇنىڭ كۆكسىگە قويدى. ئۇ سوۋۇشقا باشلىغانىدى، يۈرىكىنىڭ رىتىملىق دۈپۈلدىشىمۇ ئۆچكەن، ئەزەلدىن دۈپۈلدەپ سوقۇپ باقمىغان يۈرەكتەك جىمىپ كەتكەنىدى، ياق، ئۇ تېخى تۈنۈگۈنلا ئىسسىق ئىدى، سالام ئاشۇ ئىسسىق گەۋدىنى قۇچاقلىغان، ھاياجان بىلەن سوققان يۈرەكنىڭ دۈپۈلدىشىنى ئاڭلىغان، ئۇنىڭ مېھرىنى، ھاياتقا بولغان تەلپۈنۈشىنى ھېس قىلغان... مانا ئەمدى سوۋۇشقا باشلاپتۇ، ئەمدى ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ دۈپۈلدەپ سوقۇشىمۇ مەڭگۈ ئاڭلانمايدۇ، كۆزلىرىمۇ مۇڭلۇق چاقنىمايدۇ، ئاھ، ھايات نېمىدېگەن

نازۇك، خۇددى نېپىز ئەينەك پارچىسىدەك، بىر پارچە سۈزۈك مۇزدەك بىر زەربىدىلا كۇكۇم - تالقان بولدى! ئاشۇنداق بىر دەقىقە ئىچىدىلا تۈگەپ كەتتى! ئاشۇ ئوتلۇق ياقۇت كۆزلەرنىڭ ئۆچكىنى راستمىكىن؟... سالام تەكچىدىن شامنى ئېلىپ ئاھۇنىڭ كۆزلىرىگە يېقىن ئەكەلدى، ئۇنىڭ كۆزلىرى يېرىم يۇمۇلغان، سىرغىپ چىققان ئاخىرقى ياش تامچىلىرى ھېلىقى ئاۋاق ئوۋچى چاچقان توپا - تۇماننى مەڭزىگە ئېقىتىپ چۈشكەن، يۈزى — گۈزەل، سۆيۈملۈك جامالى بۇلغانغانىدى... ئانىنىڭ كۆز نۇرلىرى ئۆچۈپتۇ، ئۇنىڭ ھايات چىرىغى مەڭگۈلۈككە ئۆچۈپتۇ، ياق، ئەمدى ئۇ شامغا ئوخشاش قايتا پارلىمايدۇ، كەچتە ئولتۇرۇپ تاڭدا كۆتۈرۈلىدىغان قۇياشقا ئوخشاش قايتا نۇر چاچمايدۇ، تۈن ئاسمىنىدىكى ئايغا ئوخشاش كۆكتىن مۆلىنىپمۇ قارىمايدۇ...

سالامنىڭ پۇتلىرى ئۇيۇشۇپ كەتكەن، پۈتۈن ۋۇجۇدى مۇزلىغانىدى، بەدىنى بىلىنەر - بىلىنمەس تىترەيتتى، ئۇ ئىچكىرىدىكى ئۆيگە قولاق سالدى، ئاتىنىڭ مۇڭلۇق ھېكايىسى ئاللىقاچان تۈگىگەن، ئىچىشۋازلىق قايتا باشلانغانىدى، خوشە، خوش دېگەن ئاۋازلار ياڭرايتتى. كىمدۇر بىرى قەي قىلىپ ياندۇرۇۋاتاتتى. سالامنىڭ كۆڭلى ئېلىشقاندەك بولدى، قەلبىدە سەسكىنىش، نەپرەت باش كۆتۈردى، نەپرەت بارغانسېرى كۈچىيىپ باراتتى، ئاخىر ئۇ قەھرلىك بىر تۈيغۇغا ئايلاندى.

ئۇ ئورنىدىن چاچراپ تۇردى، شامنى جايىغا قويدى،
ۋۇجۇدى تىترەيتتى، كۆچلۈك غەزەپ يۈرىكىنى، ۋۇجۇدىنى،
ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى بىردىن گرانت تاشتەك قاتۇردى.
بۇ سالامنىڭ سەبىي قەلبىدە پەيدا بولغان قارشىلىشىش
تۇيغۇسى ــ ئېچىنىش ۋە يىغا ـ زار، نەپرەت ھەم سەسـ
كىنىش، شۇنداقلا ئاشۇلاردىن ھاسىل بولغان غەزەپنىڭ
مۇقەررەر داۋامى ــ گۈلخاندەك لاۋۇلدىغان ئۆچ ئېلىش
ئىستىكى ئىدى، ئۇنىڭ قول ـ پۇتلىرى ئاچچىق ھاياـ
جاندىن لاغىلداپ تىترەيتتى. بىر ـ بىرىگە كىرىشكەن
چىشلىرى ئارىسىدىن كارسىلدىغان ئاۋاز چىقاتتى. بارـ
ماقلىرى ئالىقىنىغا خۇددى ئۇنى تېشىۋەتكۈدەك دەرىجىدە
پېتىپ، مۇشتلىرى پولات بازغاندەك تۈگۈلگەنىدى ...
ئۇ كارىۋاتقا يۆلەپ قويۇلغان مىلتىقنى قولىغا ئالدى.
ئۇ ئاھۇنىڭ جېنىغا زامىن بولغان يېرىم ئاپتوماتىك
مىلتىق ئىدى. مۇزلاپ كەتكەن مىلتىق ستۇولى سالامـ
نىڭ قوللىرىغا چاپلىشىپ قالدى، سوغۇق، مۇدھىش پولاتـ
نىڭ كىچىككىنە تۆشۈكى خۇددى جەھەننەمنىڭ يوچۇقىدەك
قارىيىپ كۆرۈنەتتى، سالام ئىسسىق ۋۇجۇدلارنى سوۋۇتـ
قۇچى، قىزىل قانلارنى ئېقىتقۇچى، نۇرلۇق كۆزلەرنى
يۇمۇلدۇرغۇچى بۇ ياۋۇز نەرسىگە نەپرەت بىلەن تىكىلدى،
ئۇنىڭدا ئوق بارمىكىن؟ ئاھۇنىڭ جېنىنى ئالغان ئەجەل
ئوقىدىن يەنە بارمىكىن؟ ... سالام زاتۋورنى قايرىپ
ستۇولىنىڭ ئىچىگە قارىدى، ئەھۋال مىڭ يىللىق تارىخـ



تىكىدىگە ئوخشاش ئىدى: ياۋۇزلارنىڭ قولىدا گۇمبۇرلەپ
سايراپ ئەجەل چاچىدىغان ئوق ئىنتىقام، ئۆچ ئالغۇچى-
لارغا نۆۋەت كەلگەندە يوق بولۇپ قالاتتى، سىتۇولىنىڭ
ئىچى قۇرۇق، جەھەننەمنىڭ تۆشۈكىدەك قارىيىپ
تۇراتتى.

غوۋغا كۈن چۈشكە يېقىنلاشقاندا كۆتۈرۈلدى. چۈش-
كىچە ئۇخلىغان، ئاھۇنىڭ ئېزىلىپ پىشقان گۆشىدىن
ئانچە - مۇنچە يەپ، قىزىلمۇچ، قارىمۇچ بىلەن تەمشەل-
گەن شورپىدىن ئىچىپ، ھاراقنىڭ بەد بۇيى ھىدىنى ئۆزى-
دىن ھەيدىگەن مېھمانلار يەنى ئۆردەك ئوۋلاشقا چىقماق-
چى بولۇشتى. ئۇلار قوللىرىنى مىلتىق قويغان يەرگە ئۇ-
زارتقان پېتى تۇرۇپ قېلىشتى، مىلتىقلار يوق ئىدى. ئۆيى-
نىڭ ئىچى - تېشىنى، كارىۋاتنىڭ ئاستى، ئېغىل - قو-
تانلارنى ئىزدەشتى، تېپىلمىدى.

غوۋغا كۆتۈرۈلدى. قوش سىتۇوللۇق ئوۋ مىلتىقى
يوقالسىغۇ چوڭ گەپ يوق. بېرىم ئاپتوماتىك مىلتىق
يوقالسا قانداق بولىدۇ؟ قوراللىق بۆلۈمدىكىلەرگە نېمە
دەپ جاۋاب بەرگۈلۈك؟ تۆت جۈپ كۆز ئالىيىپ كەتتى.
ئاتىنىڭ كۆزلىرىمۇ ئالايدى. ھېچكىم كەلمەيدىغان چۆلدە
مىلتىقنى كىم ئەكېتىدۇ؟ جىن ئەكېتەمدۇ؟ ئاھۇ-
نى ئاتقان ئاۋاقنىڭ كۆزى ئاستا - ئاستا سالامغا تىكىل-
دى، قالغان ئۈچ جۈپ كۆزمۇ سالامغا قادالدى. تۆنۈگۈن-
كى يىلىلىق چىرايلارنى مۇز، يېقىملىق كۆزلەرنى ياۋۇز-

لۇق قاپلىغانىدى. ئوۋ ئوۋلاپ، قان تۆكۈپ ئادەتلەنگەن ئاشۇ كىشىلەرنىڭ قىياپىتىدىن رەھىمسىزلىك چىقىپ تۇراتتى. ئاھۇمۇ، ئۆردەكمۇ، ئادەممۇ، ھايۋانمۇ، ئۇلار ئۈچۈن ئوخشاش ئىدى. رەھىمسىزلىك نىشان تاللاپ ئولتۇرمايتتى. تۆت جۈپ كۆز سالامغا رەھىمسىزلەرچە قادالدى: كىچە سىرتتىكى ئۆيدە ياتقان سەن، مىلتىقلارنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى سەن بىلىسەن. ۋاي ئەخمەق، ئۆزۈڭچە ئاھۇنىڭ قىساسىنى ئالماقچى بولۇپسەن-دە، ئاھۇ سېنىڭمىدى؟ بىز ئاتساق چۆلدىكى ئاھۇنى ئاتتۇق، سېنىڭ ئېغىلىڭدىكى قوي-كالاڭنى ئاتمىدۇق. چۆلدىكى ئاھۇ-كىيىك دېگەن ئىگىسىز مال. كىم ئاتسا شۇنىڭ، كىم تۇتسا ئىگىسى شۇ. نېمە سەن ئۆزۈڭچە ئۇنىڭغا ئىگىدارچىلىق قىلىپ كەتتىڭ؟ ئاشۇ بىر ئۆلۈمتۈك كىيىكنى دەپ مىلتىقنى ئوغرىلىدىڭمۇ؟ داداڭنىڭ مونوپولكىسى يوقالماي، بىزنىڭ مىلتىقلىرىمىز يوقالسا، بىز ئۇنى كىمنىڭ ئالغانلىقىنى بىلمەيتتۇقمۇ؟ ۋاي ئەخمەقەي...

— مىلتىق قېنى؟ — ئاۋاقنىڭ كىچىككىنە كۆزلىرى سالامغا ياۋۇزلارچە قادالدى.

— قېنى ئېيت، مىلتىقلارنى نەگە يوشۇردۇڭ؟ — تۆت ئېغىزدىن بىراقلا ئېتىلىپ چىققان مۇدھىش ئاۋاز سالامنىڭ قۇلاقلىرىغا ئۇرۇلدى.

سالام دامبىنىڭ قىرغىقىدىكى دوڭغاق سۆگەتكە يۆلىنىپ، ئوۋچىلارغا پەرۋاسىزلارچە قاراپ تۇراتتى. مو-

ئۇندەك ھومىيىپ تىكىلىشلەرمۇ، بۆرىدەك ھۇۋلىغان خىر-قىراش - ۋارقىراشلارمۇ ئۇنى قورقۇتالمىدى. ئۇ گويا ئاھۇنىڭ ئۆلۈمىگە ماتەم تۇتۇۋاتقاندەك، ئاھۇنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن ئەمدى بۇ جاھاندا ئەنسىرىگۈدەك ھېچنېمە قالمىغانلىقىنى خىيال قىلىۋاتقاندەك، جاھاننىڭ مەنىسىزلىكىنى چۈشىنىۋاتقاندەك پەرۋاسىز قاراپ تۇراتتى. ئاتا سالامنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇنىڭ قولىدىن تۇتتى. ئاتىنىڭ ئاشۇ ھەرىكەتلىرىدە «قورقما ئوغلۇم، قورقما، يېنىڭدا مەن بار...» دېگەندەك بىر ئىپادە گەۋدىلىنىپ تۇراتتى، ئەمدى تۆت جۈپ كۆز ئاتا - بالىغا قادالدى.

— ئېيت، مىلتىقلار قېنى؟ ھەي شۇمتەك، مەن ساڭا گەپ قىلىۋاتىمەن. گەپ قىل، ھېلى بىكار بوينىڭنى چۈجىنىڭ بوينىنى ئۈزگەندەك ئۈزۈۋېتىمەن! — سالامنىڭ ياقىسىغا سوزۇلغان يىلپىزدەك ئۇزۇن قوللارنى ئاتىنىڭ گەۋدىسى توسۇپ قالدى. ئاتىنىڭ كۆزلىرىمۇ غەزەپتىن ئالايدى. ئالايغان ئىككى جۈپ كۆزدىن چېچىلغان نۇرلار بىر - بىرىگە نەيزە بولۇپ ئۇرۇلدى.

— بالىنى قورقۇتماڭ: نېمىشقا ئۇنىڭدىن گۇمان قىلىسىز؟ بەلكىم ئاخشام ئاھۇنى ئاتقان خۇشاللىقتا مىلتىقىنى يەرگە تاشلىۋەتكەنسىز. قۇمغا كۆمۈلۈپ كەتكەندۇ. يەنە ئىزدەپ باقمايلىمۇ؟ بالىنى قورقۇتۇشقا ھەققىڭىز يوق...

— ۋاي ساراڭ، چۆل سارىڭى. مەن ئاھۇنى ئىككى مىلتىقتا ئاتاتتىممۇ؟ يەنە بىر مىلتىقىمۇ يوق تۇرامدۇ؟

ئاھۇنى ئاتقاندىن كېيىن، قالغان ئوقلارنى چىقىرىۋېلىپ كارىۋاتقا يۆلەپ قويغىنىم ئېنىق ئېسىمدە. مۇشۇ شۇمتەكنىڭ قىلغان ئىشى بۇ. ھايۋاننىڭ سۈتىنى ئەمگەن يېتىم ئوغلاق ئاھۇنىڭ قىساسىنى ئالىمەن دەپ شۇنداق قىلغان ـ دە، بىز شۇنچىلىك ئىشنى بىلمەيتتۇقمۇ؟ چوقۇم مۇشۇ شۇم ئوغرىلىغان گەپ...

گەپكە باشلىق ئارىلاشتى.

— مىلتىق ئوغرىلاشنىڭ قانداق جىنايەت ئىكەنلىكىنى بىلەمسىز؟ مۇنداق جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەر تۈرمىدە سېسىپ تۈگەيدۇ. بۇيەردە سىز بىلەن ئوغلىڭىزدىن باشقا ھېچكىم يوق. مىلتىق تېپىلمىسۇنچۇ قېنى، مەن سىزنى دەرھال ئىشتىن ھەيدەيمەن، ئۆز قولۇم بىلەن ساقچى ئىدارىسىگە ئاپىرىپ بېرىمەن. سىزمۇ، ئوغلىڭىزمۇ تۈرمىدە چىرىپ كېتىسىلەر...

ئاتا سالامنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلدى. سالامنىڭ كۆزلىرىدە ئەنسىزلىك ئۇچقۇنلىرى پىلىلداپ قالغان. ئۇ خۇددى راستتىنلا دادامنى تۈرمىگە تاشلىشارمۇ؟ دادام تۈرمىدە چىرىپ كېتەرمۇ؟ دېگەن ھالدا تۇراتتى. ئاتا ئىككى قولىنى سالامنىڭ ئىككى دولىسىغا قويدى:

— ئېيت ئوغلۇم، قورقما، مىلتىقلارنى سەن تىقىپ قويدۇڭمۇ؟ نەگە تىقىپ قويدۇڭ؟ كۆردۈڭغۇ بۇلارنى، قولىدىن ھەر بالا كېلىدۇ، بۇلاردىن قۇتۇلماق تەس. ئېيت ئوغلۇم، بىز ئۇلارغا قايتۇرۇپ بېرەيلى. ئۇلار كەتسۇن،

بىز ئۇلاردىن تېزرەك قۇتۇلايلى...

سالام ئۇنىسىز قاراپ تۇراتتى. كۆزلىرى ئاتىسىنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ قالغانىدى. ئالاھەزەل بىر مىنۇت تىكىلىپ تۇرۇشتى.

— ئېيتىماسەن ئوغلۇم، مەيلى، ئېيتمىساڭ ئېيتما. مەن بىلدىم، بىلىپ بولدۇم، سەن مىلتىقلارنى كاچكولغا تاشلىۋېتىپسەن، مىلتىقتا نېمە گۇناھ؟ ئۇنى تاشلىۋەتكەن بىلەن ئاھۇنىڭ ئىنتىقامىنى ئالغىلى بولاتتىمۇ؟... بولغۇلۇق بولدى. ئەمدى ئورنىغا كەلمەيدۇ. مەن بېرىپ مىلتىقلارنى سۈزۈپ چىقاي...

ئاتا ئۆينىڭ ئالدىدىن پالتىنى ئەكەلدى ۋە ئۇن - تىنسىز كۆلگە چۈشۈپ كاچكولنىڭ يېنىغا قاراپ ماڭدى. تۆت ئېغىزدىن ئەپسانىۋى ھاقارەتلەر ياغاتتى.

— ھۇ، ھارامىلىق...

— ھارامدىن بولغان شۇمتەكنىڭ قىلغان ئىشىنى قاراڭلار...

سالامنىڭ كۆزلىرى تېخىچە بىر نۇقتىغا تىكىلىپ تۇراتتى. ئۇھېچنىمە دېمىدى. سۆگەتكە يۆلەنگەن پېتى تۇرىۋەردى. ئۇگويا بۇلار بىلەن گەپ تالاشقانىنىڭ ھاجىتى يوق دەپ ئويلاۋاتقاندەك قىلاتتى.

ئاتامۇزنى پالتا بىلەن ئۇرۇپ چېقىشقا، كاچكولنى چوڭايتىشقا باشلىدى. ئاشۇ چاغدا سالام دامبىدىن كاچ-

كولنىڭ يېنىغا چۈشتى. ئۇنىڭدىن بىرىنچى قېتىم سادا
چىقتى.

— ئۇنىڭدا ئەمەس، ئاۋۇ ياقتىكى كاچكولدا.

ئاتا ھېچنېمە دېمىدى. ئۇ پالتىنى كۆتۈرۈپ سالام كۆرسەتكەن كاچكولنىڭ يېنىغا كەلدى، نېمىگىدۇر ئاچچىقى كەلگەندەك پالتىنى مۇزغا غەزەپ بىلەن ئۇردى. ئۇنىڭ سالامغا ياكى ئاھۇنى ئاتقان ئاشۇ قانخورلارغا ئاچچىقلىنىۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى... ئىش ئۇزۇنغا سوزۇلمىدى. ئاتا مۇزنى چېقىپ كاچكولنى كېگىزئۇرنىچىلىك كېڭەيتتى. تۆمۈر ئارا بىلەن مۇزلارنى سۈزۈپ ئېلىۋەتتى. زۇمرەتتەك سۈزۈك سۇ قۇياش نۇرىدا جىمىرلايتتى. ھاۋا بەكمۇ سوغۇق ئىدى. نەشتەردەك ئاچچىق غەربشامىلى ئۇرۇپ تۇراتتى. كەيپى قاچقاچ ئوۋچىلار كاچكولنىڭ ئەتراپىدا شۈمشىيىپ، تاماكىلىرىدىن توختىماي ئىس چىقىرىشىپ تۇراتتى. ئاتا كىيىملىرىنى يېشىشكە باشلىدى. سۇغا چۈشۈپ بولغىچە جالاقلاپ تىترەپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ چىداپ تۇرۇپ سۇغا چۈشتى. چۈشمەي بولاتتىمۇ؟ قولىدىن ھەر بالا كېلىدىغان مۇنۇ مۇتەھەملەردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ئادەمدىن ئەۋزەل بولغان مىلتىقنى سۈزۈپ بېرىش ئۈچۈن، ئاشۇ مۇز قېتىشقا تەييار تۇرغان كاچكولغا چۈشمىسە بولمايتتى. ئاتا سۇغا شۇڭغۇدى. سۇنىڭ يۈزىگە ھاۋا كۆپۈكچىلىرى توختاۋسىز لەيلەپ چىقاتتى. سالامغا ئاتىسى سۇ ئىچىدە بەكمۇ ئۇزۇن شۇڭغۇپ تۇر-

غـاندەك بـىلىندى. ئۇنىڭ قەلبىنى دەسلەپكى ئـەنسىزـ
لىك ئىسكەنجىگە ئالغاندا، سۇ يۈزىدە مىلتىقنىڭ مۇدھىش
ئاغزى كۆرۈندى. ئاتا ھاسىراپ نەپەس ئالاتتى. ئۇ مىلـ
تىقنى ئاۋاققا سۇنۇپ بېرىپ، ئۈچ-تۆت قېتىم قېنىپ-قېنىپ
نەپەس ئالدى - دە، يەنە شۇڭغۇدى. سۇ يۈزى داۋالغۇپ
كەتتى. قاتار- قاتار مەركەزداش چەمبەرلەر كـاچكولىنىڭ
قىرغاقلىرىغا نۆۋەت بىلەن كېلىپ ئۇرۇلدى. سالامغا ئاتـ
ىنىڭ شۇڭغۇپ تۇرۇش ۋاقـتى ئالدىنقى قـېتىمدىكىدىنمۇ
ئۇزىراپ كەتكەندەك بىلىندى. يەنە بىر مىلتىقنى تـاپالـ
ماي ۋاتامدىكىنە؟ ھەر ئىككىسىنى بـىراق تاشلىغانىدىمغۇ؟
بـىرى تېپىلىپ، يەنە بـىرى تـېپىلماي ۋاتامدىكىنە؟ ئـاھ
خۇدا، دادام تۇنجۇقۇپقۇ قالمىغاندۇ، دادامغا بىرەر پېشـ
كەللىك كەلمىسىلىغۇ بولاتتىغۇ، پېيى تارتىشىپقۇ قـالمىـ
غاندۇ - ھە ...... سۇ يـۈزى داۋالغۇدى، ئـاتىنىڭ بېشى
سۇ يۈزىگە كۆتۈرۈلۈپ چىقتى. ئۇ بىر ھازا ھاسىراپ نەـ
پەس ئالدى. سالامنىڭ كۆڭلى جايىغا چۈشتى. ئـاتىنىڭ
بۇ قېتىم سۈزۈپ چىققىنى ئاھۇ ئـانىسىنىڭ جېنىنى ئالغان
ئـاشۇ يېرىم ئاپتوماتىك مىلتىق ئىدى. سالام دۈشمىنىگە
قارىغاندەك ھومىيىپ قارىدى.

مىلتىقنى ئاتىنىڭ قولىدىن يەنىلا ئاۋاق سۇنۇۋالـ
دى. گويا مىلتىقنىڭ بـىرەر يـېرى بـۇزۇلمىغاندۇ - ھە؟
دېگەندەك دىققەت بىلەن تەكشۈرۈپ چىقتى.

— داتلىشىپ قالماس - ھە؟

— پاكىز سۇرتۇپ مايلىۋەتسەك داتلاشمايدۇ.

ئاتا كاچكولىنىڭ لېۋىگە — مۇزغا ئېسىلاتتى، يامى-
شاتتى. ئۇنى سۇدىن تارتىۋېلىش، ئۇنىڭغا قول ئۇزىتىش،
ئۇنىڭ مۇز ئۇستىگە چىقىۋېلىشىغا ياردەملىشىش ئوۋ-
چىلارنىڭ ئېسىدىن چىققانىدى. ئۇلار خۇددى ئۆز يېنى-
دىكى كاچكولىنىڭ ئىچىدە جان تالىشىپ تىركىشىۋاتقان
بىرىنىڭ بارلىقىنى ئۇنتۇپ كەتكەندەك ئىدى. سالام
قوللىرىنى ئۇزىتىپ كاچكولىنىڭ يېنىغا كەلدى.

— كەلمە، تېيىلىپ چۈشۈپ كېتىسەن بالام. يېقىن
كەلمە، — ئاتىسىنىڭ لەۋلىرى تىترەپ گەپلىرى قولاشمايت-
تى. سالامغا ئاتىسىنىڭ چىشلىرىنىڭ بىر - بىرىگە كاسىلداپ
ئۇرۇلۇشلىرى ئاڭلاندى ... ئاتا بىر هازا ھەپىلەشكەندىن
كېيىن سۇ ئۇستىگە يامىشىپ چىقتى. سوغۇقتىن ئۇنىڭ
پۇتۇن بەدەنلىرى كۆكىرىپ كەتكەنىدى. مۇز يېرىۋەتكەن
بېقىنىدىن قان ئاقاتتى. كۆپكۆك مۇز قانغا بويالدى. ئاتىسىنىڭ
پۇتۇن ۋۇجۇدى — مۇڭلۇق ناخشىلارنى ئېيتىدىغان لەۋلى-
رى، دۇتار، ئىسكىرىپكا پەدىلىرى ئۇستىدە ئوينايدىغان
قوللىرى تىترەيتتى. سالام دادىسىنىڭ ئۇستىگە جۇۋىسىنى
ياپتى. ئۇنى مۇز ئۇستىدىن يۆلەپ تۇرغۇزدى. ئۆتىكىنى
قوڭالتاقلا كىيگۈزۈپ، ئۆيگە يۆلەپ ئەكەلدى.

ئوۋچى مېھمانلار كەتتى. ئۇلارنى ھېچكىم ئۇزىتىپ
قويمىدى. ئۇلارغا ھېچكىممۇ خوش دېمىدى. ئۇلار ئە-
كەلگەن مىلتىقلىرىنى ساق ئەكەتتى. يەنە ئاخشامقى

زىيا پەتتىن ئاشقان ئۆردەكلەرنى، بېلىقلارنى، ئاھۇنىڭ
گۆشىنى ئەكەتتى. ئۇلار ئەكەتكەن نەرسىلەر
ئىچىدە ئۇلار تۈنۈگۈن ئاتقان، لېكىن يوشۇرۇپ سومكى-
لىرىغا تىقىپ قويغان ئىككى ئاققۇمۇ بار ئىدى. بۇ تەھ-
قىقكى، سالامنىڭ چۈجىلىرى ئىدى...

سالام ئاتىسىنىڭ يېنىدا پايپېتەك بولدى، ئاتىسىنى
يوتقان - جۇۋىلار بىلەن چۈمكىدى، ئىسسىق چاي ئىچ-
كۈزدى. مەشكە ئوت ياقتى، ئۇ ئاتىسىنى ئىسسىتماقچى
ئۇنىڭ كۆكىرىپ ئۇيۇشۇپ كەتكەن بەدەنلىرىنى يىللىتماق-
چى بولاتتى ... كەچكە يېقىن ئاتا قاتتىق ئىسسىتمىداپ
كەتتى. سالام قولىنى ئۇنىڭ پېشانىسىگە تەگكۈزگەندە،
خۇددى ئوتتەك بىلىندى. لېكىن ئاتا «توڭلىدۇم، توڭلاپ
كەتتىم ...» دېگەن سۆزنىلا تەكرارلايتتى. تاڭغا يېقىن
ھوشىدىن كەتتى. نېمىلەرنىدۇر دەپ توختىماي جۆيلۈشكە
باشلىدى. ئاھۇنىڭ، ئانىنىڭ، ئوغلىنىڭ يەنە ئاللىقانداق نې-
مىلەرنىڭ گېپىنى قىلىپ جۆيلۈيتتى. ئاتا بىر كېچە-كۈندۈز
توختىماي جۆيلۈگەندىن كېيىن جىمىپ قالدى. سالام ئۇ-
نىڭ پېشانىسىگە قولىنى قويدى. قولىنى ئاتىسىنىڭ قوي-
نىغا تىقىپ يۈرىكىنى تۇتۇپ باقتى. ئاتىسىنىڭ بەدىنى
خۇددى ئالدىنقى كۈنى ئۆلگەن ئاھۇنىڭ بەدىنىدەك مۇز-
لاپ كەتكەنىدى...

سالام بىردىنلا ئادەم بالىسى ئاڭلىسا پۈتۈن ۋۇجۇ-
دى جۇغۇلداپ كەتكۈدەك ئاۋازدا چىرقىرىۋەتتى. ئاتىسى-

نى قوچاقلاپ بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىرىدى. ئۆزىنى ھەر تەرەپكە ئۇردى. ياقىسىنى يىرتىپ، كىيىملىرىنى پارە - پارە قىلىۋەتتى. ئۇنىڭ چىرقىرىغان، ۋارقىرىغان ئاۋازى كۆلدىكى مۇز ئۈستىدە ئەكس سادا چىقاردى. كۆلنىڭ نەم ھاۋاسى تىترەپ كەتتى. بىپايان چۆل ئۇلۇغ تەكلىماكان ئۆزۈندىن بىرى بۇنداق دەھشەتلىك چىرقىرىغان ئاۋازنى ئاڭلاپ باقمىغانىدى.

سالام جىم بولۇپ قالدى. ئۇ تولا يىغلاپ چارچىغان، ھالىدىن كەتكەنىدى. دادىسىنىڭ جەسىتىگە تىكىلگىنىچە ئۈنچىقماي ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئالدىدا يەنە بويىنىدىن ئۈزۈپ تاشلانغان ئىپار ئاھۇنىڭ چىرايلىق بېشىمۇ بار ئىدى. ھېلىقى ئوۋچىلار ئاھۇنىڭ گۆشىنى ئەكەتكەن، لېكىن بېشىنى كېسىپ تاشلاپ قويغانىدى. ئاھۇنىڭ يېرىم ئوچۇق قالغان كۆزلىرىدە ئەمدى ياقۇت پارلىمايتتى. قىپقىزىل چوغمۇ پىلىلدىمايتتى. ئۇنىڭ چاناقلىرىدا ھېلىقى ئاۋاق ئوۋچى چاچقان توپا - تۇمان تولۇپ تۇراتتى. ئوغۇل ئاشۇلارغا قاراپ ماتەملىك سۈكۈتكە چۆكتى. ئۇنىڭ سۈكۈناتى مۇشۇ تەكلىماكاننىڭ، ئۇلۇغ ئانا چۆلنىڭ مەڭگۈلۈك سۈكۈناتىغا ئوخشايتتى. سالامنىڭ مېڭىسىمۇ سۈكۈناتقا چۆمگەنىدەك ھېچنېمىنى ئويلىمايتتى، خىيالىغا ھېچنېمە كىرمەيتتى. ،ھېچنېمىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلمەيتتى. شۇ كۈنى ئۇ ھېچنېمە يېمىدى، ئەتىسىمۇ ئاغزىغا ھېچنېمە سالمىدى.

قورسىقىنىڭ ئاچقان - ئاچمىغانلىقىنى بىلەلمەيتتى. تاماق يېيىش كېرەكلىكىمۇ ئېسىگە كەلمەيتتى. ئۇ ئاتىسىنىڭ جەسىتىگە تىكىلىپ ئولتۇراتتى. چۆل شاماللىرى، چۆل ئاپتىپى بىلىنەر - بىلىنمەس ئىز سىيلاپ ئۆتكەن بوغداي ئۆڭ چىرايىدا چەكسىز بىر مۇڭ، دەرد - ھەسرەت بەلگىلىرى قېتىپ قالغانىدى.

ئۈچىنچى كۈنى تاڭ ئەمدىلا سۈزۈلۈشكە باشلىغاندا، ئۇنىڭ خىيالىدا لىپپىدە بىر كۆرۈنۈش پەيدا بولدى. ئەنە، كەڭ تاشيولدا ھەيۋەتلىك مەخلۇق — ئاپتوبۇس گۈركىرەپ ۋە قويۇق چاڭ - توزان توزۇتۇپ كەلمەكتە. ئۇ غىچىلداپ ۋە پۇشۇلداپ يولنىڭ لېۋىدە توختىدى. ئۇنىڭ ئىچىدىن بىر كىشى يەرگە سەكرەپ چۈشتى ۋە قاقاقلاپ كۈلگىنىچە «ھەي پىخسىق، ئاران ئىككى تال بېلىق ئەكەلدىڭمۇ؟» دېدى. بۇ كىم بولغىيتتى؟ ھە، شوپۇر، ئاتىسىنىڭ شوپۇر ئاغىنىسى. سالام بۇ خىيالىي مەنزىرىدىن ئەقىل تاپقاندەك بولدى.

سالام ئورنىدىن تۇردى. ئاتىسىنىڭ جەسىتىگە تىكىلدى، ئاتىسىغا ئۈنسىز ھالدا خىتاب قىلدى: جېنىم دادا، مېنى كەچۈر، سېنى يالغۇز قالدۇرىدىغان بولدۇم. مەن تېزلا قايتىمەن، شوپۇر تاغامنى، سېنىڭ دوستۇڭنى باشلاپ كېلىمەن، شۇنىڭدىن كېيىن بىز يەنە بىللە بولىمىز، ھەر دائىم بىللە بولىمىز...

سالام ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ئىشىككە قاراپ ماڭدى، بوغۇزىغا نېمىدۇر تىقىلىغاندەك بولۇپ، كۆزىدىن ياش ئېتىلىپ چىقتى.

شەرق تەرەپتىكى ئۈپۈق قىزارغانىدى. ئۇ خۇددى ئانا ئاھۇنىڭ قېنىغا، ئاتىسىنىڭ مۇز ئۈستىگە تامغان قېنىغا ئوخشاش قىزارغانىدى.

责任编辑：吐尔逊·买买提
再娜甫·木沙

荒漠之子
（维吾尔文）
努尔买买提·托乎提著

新疆青少年出版社出版
（乌鲁木齐市建设路九号邮编 830002）
新疆新华书店发行　　新疆八一印刷厂印刷
787×1092毫米　32开　4印张
1993年6月第1版　　1993年6月第1次印刷
印数：1—1,600

ISBN7—5371—1442—0/I·515　定价：1.40元